ئابدۇقېيۇم تۇرادىن مەجنۇن



# ۋىناسقا مەكتۇپ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



ياش شائىر ئابدۇقىيۇم تۇرادىن مەجنۇن 1970 - يىلى 7 - ئايدا يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1989 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، يوپۇرغا ناھىيەلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا خىزمەتكە كىرگەندىن بۇيان شۇ يەردە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، 1987 - يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يۇرت مېھرى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئىزچىل ھالدا سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىدا زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى يازدى، ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسىرلىرى ئېلان قىلىندى. يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «يۈرەكسىز سۆيگۈ» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇقىيۇم تۇرادىن مەجنۇن



# ۋىپاسقا مەكتۇپ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

给维纳斯的情书：维吾尔文/阿不都克优木·吐拉丁著. — 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.3
ISBN 978-7-5466-1225-6

Ⅰ. ①给 … Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①诗集 — 中国 —当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 059460 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: خۇرشىدە ئىبراھىم
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۈمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلنار روزى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: مەرەمنىسا ئابلىز

**ۋېناسقا مەكتۇپ** (شېئىرلار)

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 4
2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1225 - 6
باھاسى: 18.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


تەنھالىق........................................1

سورايمەن........................................3

ئېسىمدە........................................4

سېنى ئويلىسام........................................5

قاچۇرمىغىن ئۆزۈڭنى........................................6

ئاشىق زارى........................................7

چۈشەنمەيلا كەتتىڭ جاھاندىن........................................8

كۈتۈش........................................9

نېمە دېسەم بولاركىن سېنى........................................12

مەن يېزىنىڭ ساددا بالىسى........................................13

تالدى كۆزلىرىم........................................14

ئالدامچى ۋىسال........................................15

ئۈنتۈش ئۈچۈن ئەسلەش........................................16

ۋاز كەچمەيمەن سېنىڭدىن گۈلۈم........................................17

ئۇ — بالىلىق، ئۇ — سەبىي چاغلار........................................19

ئۈمىدسىز سۆيگۈ........................................20

كەچ كۈز كېچىسى........................................21

ئېھتىمال........................................22

سەيلە قىلساق ئىككىمىز........................................23

تالزارلىقتا يىغلىغان كىم ئۇ؟........................................24

سىم - سىم يامغۇر........................................25

ھارپا كېچىسى........................................26

بىزارلىق........................................27

يېزامدىكى سەبىي بالىلار........................................28

زەرەپشانلىق تەنها گۈزىلىم.................29
يۈر كېتەيلى، كېتەيلى جېنىم.................30
هېلىقى ئاخشام.................32
ناۋادا بىر كۈن.................33
خالىدە.................34
كەل ئەزىزىم.................37
خوش ئەمدى گۈزىلىم.................38
مەڭگۈلۈك ئازاب.................39
ئاھ! قايدىسەن بىچارە قىزچاق.................40
ئىزدىگىنىم كىم.................41
ئاخىرقى ئىلتىجا.................42
دەردلىرىمنى ئازايسۇن دېسەڭ.................43
دىدارلاشساق ئەگەر ئىككىمىز.................45
مۇشۇ يول.................46
ياغماقتا قار ـــ لەپىلدەپ ئاپپاق.................47
مەڭگۈلۈك ئۆلۈم.................48
قارلىق.................49
قىش كېچىسى.................50
مەھبۇبەگە پىچىرلاش.................51
سۆيگۈ ئالبۇمى.................52
خوش، ئالدامچى قىزچاق!.................53
بىر ئەتىگىنى.................54
ئاچچىق ئىزغىرىن.................56
كېزەيلى دىلبەر.................57
كەل يېزىلىق ساددا گۈزىلىم.................58
ئېسىڭدىمۇ بىز تونۇشقان جاي.................59
كۆتەر بىزنى قىشتىمۇ باھار.................60
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.................61

يېگانە.................................63
گۈلباھارىم كەلگىن، كۈلۈپ كەل.............64
ئۇنتۇپ كېتەرسەن بىر كۈن..................65
غېرىبسىنىپ قالساڭ ناۋادا...................66
مەن يادىڭدا بارمۇ ئەي قىزچاق..............67
بىر ساڭىلا..............................68
قايسىمىزدىن ئۆتتى سەۋەنلىك...............69
سەنسىز تەنها قالدىم بۇ كېچە...............70
گۈل قويغىن قەبرەمگە......................71
گۇناھىم بار.............................72
بەختسىز ئادەممەن قىسمىتى تالاي............73
غېرىب كۆلبەمدە..........................74
ئېسىمدە ئىككىمىز دىدارلاشقان كۈن..........75
يىراق بىر جايدا..........................76
مەڭگۈلۈك ئېتىقاد.........................77
قەلبىمدىكى ناتونۇش قىزغا..................78
قەلبىمدە................................79
سېنى دەپ...............................80
ئۇچراشمىساق بوپتىكەن ئەسلى...............81
قىشنى ئۇزىتىش...........................82
كۆرمەپسەن راۋا...........................83
نېمىشقا................................84
سۇرىتىڭگە قاراپ..........................85
يۈرىكىمگە تۇتاشتۇردۇم ئوت.................86
ئىلتىجا.................................87
ھايات..................................88
ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار..................89
ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن سېنى................91

يىغلىما يۈرىكىم، يىغلىما كۆزۈم ........ 92
بەخت ھەققىدە ........ 93
ئالداۋەر ........ 94
نەلەرگە يوقالدىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام ........ 95
ئۆلۈمنى كۈتۈش ........ 96
مەن يادىڭدا بارمۇ گۈلنىگار ........ 97
ئۇنتالمىدىم ........ 98
مەن غېرىب ــــ مەجنۇنغا قىلمىغىن ئۇۋال ........ 100
ئېچىنما قەلبىم ........ 101
سوغۇق قىشتا يارنى سېغىندىم ........ 102
ئۇنتۇلغان يۈرەك ........ 103
ياشىغۇم بار ئۇنتۇلغان چۈشتەك ........ 104
بەخت تىلەش ........ 105
ھەممىدىن ئايرىلىش ........ 106
بەتخەجلىك ........ 107
ئاھ! نېمىشقا ئايرىلدۇق ........ 108
كەل ........ 109
ھېچكىمگە ئوخشىتالمىدىم ........ 110
مەجنۇن سىماسى ........ 111
مەڭگۈلۈك ھەسرەت ........ 112
ئويلىرىمدا سېنى كۈتىمەن ........ 113
بىر شەھەردە تۇرۇپ ئىككىمىز ........ 114
ئالتۇنۇم ........ 115
خىيالىڭدىكى مەن ........ 118
ۋېناسقا مەكتۇپ ........ 120

## تەنھالىق

سوغۇق شامال ھۇۋۇلىغان كېچە،
شىلدىر - شىلدىر يۆتكىلەر غازاڭ.
مۆڭلاندۇرۇپ كېلەر يىراقتىن،
مىسكىن دىلنى بىر ئىزگۇ ئاھاڭ.

تۇرماقتىمەن ساھىلدا تەنھا،
يۆلەنگىنىم پەقەت مەجنۇنتال.
يۇرىكىمنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى،
يىراقلارغا ئەپكېتەر شامال.

تەكرار - تەكرار زارلاپ دېڭىزنىڭ
دولقۇنىدىن ئاختۇردۇم سېنى.
مۇجۇپ - مۇجۇپ يۇرەكنى ھەردەم،
ھىجران بىلەن قىينىدىڭ مېنى.

قولۇقىڭنى سورىدىم تەكرار،
سېنى ئىزدەپ يۇردۇم تۆكۈپ ياش.
تەشۋىش بىلەن چايقالدى دېڭىز،
ساڭا كىملەر بولغاندۇ قاياش.

تۈن شاملى يەتكۈزەر ساڭا،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرىمنى.
بىلسەڭ ئىدىڭ، بىلمەيسەن لېكىن،
پەرياد چېكىپ ئىڭراشلىرىمنى.

ۋۇجۇدۇمدا ئوتلۇق سېغىنىش،
كۆزلىرىمدىن ئۇچار تەشنالىق.
يۈرىكىمدىن ئۆتتى ئاھ ئەجەب،
ساھىلدىكى مىسكىن تەنھالىق.

دەريالاردىن خەۋىرىمنى ئال،
ساھىل بويلاپ يۈرىمەن تېنەپ.
ئېزىقتۇردۇڭ ئېزىتقۇ كەبى،
ئۆزۈڭ كېلىپ تېپىۋال ئىزدەپ.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

# سورايمەن

ئەي نىگار، سەن مېنى نېمە قىلدىڭ؟ دەپ ـ
سورايمەن سېنىڭدىن، كۈتىمەن جاۋاب.
دەردىمنى بىرمۇ بىر قىلسامىمۇ ئىزھار،
بېشىڭنى چايقايسەن، تۇرىسەن باتناپ.

سەن مېنى ئۇنتۇلدۇڭ، ئۇنتۇدۇڭ ئەجەب،
تۈنۈگۈن يىغىپلا ئېرىگەن قاردەك.
شۇندىمۇ سىغىنىدىم يېنىش ـ يېنىشلاپ،
ئازابتا قويساڭمۇ ۋاپاسىز ياردەك.

ئېيتقىنا سەن مېنى قىلغانتىڭ نېمە؟
ئۆتەرمۇ كۈنلىرىم غېمىڭنىلا يەپ.
ئىچكۈزۈپ قويغانمۇ ياكى دىمىدە،
قىينالدىم ئىشقىڭدا ئەجەب ئاھ! ئەجەب.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ئىسىمدە

ھېچكىممۇ كۆڭلۈمنى ئۇتالماس سەندەك،
ھېچكىممۇ سەن كەبى ئازابلىيالماس.
ھېچكىممۇ سەن كەبى ئېقىتىپ سۇدا،
ھېچكىممۇ سەن كەبى ئوتقا سالالماس.

ئىسىمدە بېشىڭنى قويۇپ باغرىمغا،
ئىسىمدە ئېسەدەپ يىغلىغانلىرىڭ.
چاقچاقتىن گاھىدا رەنجىتىپ قويسام،
ھەي ئەسكى، ساراڭ دەپ تىللىغانلىرىڭ.

ئىسىمدە ھەم مېنى خارلىغانلىرىڭ،
ئىسىمدە قەدرىمنى قىلغانلىرىڭ ھەم.
ئىسىمدە مىڭ قېتىم ئالدىغانلىرىڭ،
ئىسىمدە كۆزۈمدىن تۆككەنلىرىڭ نەم.

2006 - يىلى، يوپۇرغا

# سېنى ئويلىسام

مۇڭلىنىپ قالىمەن سېنى ئويلىسام،
قەلبىمنى چۇلغايدۇ بىر ئاچچىق ئازاب.
يۈرىكىم تىتىلار توزغاقتەك گويا،
كۆز يېشىم ئاقىدۇ تارام ـ تاراملاپ.

مۇڭلىنىپ قالىمەن سېنى ئويلىسام،
ئۇيقۇدىن بىدار مەن كېچە ـ كېچىلەپ.
چۈشۈمدە، ئوڭۇمدا، خىياللىرىمدا،
ۋىسالىڭ ئەگىيدۇ، ئەگىيدۇ لەپ ـ لەپ.

مۇڭلىنىپ قالىمەن سېنى ئويلىسام،
كۆزۈمگە كۆرۈنمەس سەندىن باشقىسى.
كېتىمەن دۇنيانى ئۇنتۇپ پۈتۈنلەي،
ئەي نىگار ئويلىسام سېنى، ئاھ سېنى.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

## قاچۇرمىغىن ئۆزۈڭنى

قاچۇرۇپ يۈرمىگىن ئۆزۈڭنى مەندىن،
بۇ ئاجىز يۈرىكىم بېرەلمەس بەرداش.
شادلىقنى تەن ـ روھتىن قىلمىغىن جۇدا،
ياپراقتىن ئايرىلغان دەرەخكە ئوخشاش.

كۆرمەمسەن بۇلبۇلنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى،
ئۇ گۈلنىڭ دەردىدە يىغلايدۇ قان ـ قان.
سەن ئۇچۇن قەلبىمنىڭ تۆكۈپ بارىنى،
مەنمۇ شۇ بۇلبۇلدەك يىغلايمۇ جانان؟

قاچۇرۇپ يۈرمىگىن ئۆزۈڭنى مەندىن،
كەتمىسۇن يۈرىكىم قايتا يېرىلىپ.
ئەي گۈلۈم مىڭ مەرتە ئۆتۈنەي سەندىن،
كەتمىسۇن جىسمىمدىن روھىم قىرىلىپ.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ئاشىق زارى

هەممىنى چۈشەندىم: ھەقنى، ئۆلۈمنى،
بىر ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيسەممۇ چەكسىز.
شۇنچە يىل ھىجرانغا بولساقمۇ تۇتقۇن،
بۇ يولدا تالاي رەت ماڭدۇق ئىككىمىز.

ئاشىقنىڭ زىندانى ئەسلى بۇ دۇنيا،
ھىجراننىڭ ئولجىسى بولدۇم بىئامال.
قانىدى يۈرىكىم چوغلۇق گۈلىدەك،
قولۇڭدىن بىر قەدەھ ئوتلىماي ۋىسال.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## چۈشەنمەيلا كەتتىك جاھاندىن

سۆيگۈ نېمە، ساداقەت نېمە؟
پۈتۈلگەنكەن قايسى داستاندىن؟
ھەسرەت نېمە، مۇھەببەت نېمە؟
چۈشەنمەيلا كەتتىك جاھاندىن.

كۆيۈش نېمە، كۆيدۈرۈش نېمە؟
تۆرەلگەنكەن قايسى پىغاندىن.
سۆيۈش نېمە، سۆيدۈرۈش نېمە؟
چۈشەنمەيلا كەتتىك جاھاندىن.

كۈتۈش نېمە، كۈتۈلۈش نېمە؟
يارالغانكەن قايسى ھىجراندىن.
ئۆلۈش نېمە، ئۆلتۈرۈش نېمە؟
چۈشەنمەيلا كەتتىك جاھاندىن.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## كۈتۈش

تالاي ئاخشام كۈتتۈم سېنى مەن،
بوسۇغاڭدا بىر دانە بولۇپ.
يولۇقمىدىڭ، كەلمىدىڭ زىنھار،
يوللىرىڭدا كۈتتۈم زار بولۇپ.

ئايان بولساڭ چۈشۈمدە غىل ـ پال،
كۆلەڭگۈدەك ئەگەشتىم رەت ـ رەت.
تىكەن بولۇپ پاتتى باغرىمغا،
نازلىرىڭدىن تىرىلگەن ھەسرەت.

مەيلى ئۇنۇت، ئۇنتۇلغان چۈشتەك،
مەن كۈتەرمەن سېنى تائەبەد.
ساھىلىڭدا سەرسان ئاشىق مەن،
مېنى تېزدىن تۇت يا قوغلىۋەت.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئۈنتۈپ كېتەرسەن

بەلكىم مېنى ئۈنتۈپ كېتەرسەن،
مەن ئاشۇنداق ئۈنتۇلغان چىراي.
لېكىن مەڭگۈ ئېسىڭدە بولسۇن،
ساھىلدىكى بىز تونۇشقان جاي.

بەلكىم مېنى ئۈنتۈپ كېتەرسەن،
سەن ئاشۇنداق ئاسان ئۈنتۇلغاق.
لېكىن مەڭگۈ ئېسىڭدە بولسۇن،
ساڭا سوۋغا قىلغان تاش ياپراق.

بەلكىم مېنى ئۈنتۈپ كېتەرسەن،
چۈشۈڭگىمۇ كىرمەسمەن ئەسلا.
لېكىن مەڭگۈ ئېسىڭدە بولسۇن،
سېنى دەپلا ئۆتەرمەن تەنھا.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

## سۆيگۈ

بىر سېنى دەپ قاتتى باش، يۈرەك،
بىر سېنى دەپ كۆزلىرىمدە نەم.
بىر سېنى دەپ تۇغۇلغانىمدىم،
بىر سېنى دەپ ئۆلەرمەنمۇ ھەم.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

## نېمە دېسەم بولاركىن سېنى

ھايات دېسەم، شۇنچىلىك تونۇش،
ئۆلۈم دېسەم، ھەممىدىن يېقىن.
كۈلكە دېسەم، كۈلكەڭ بىر تۇرمۇش،
يىغا دېسەم، يىغاڭ بىر ئېقىن.

ئازاب دېسەم، چەكسىز بىر دۇنيا،
بەخت دېسەم، بىھېساب شادلىق.
سېخىيلىقتا بولساڭ پىر ھاتەم،
بېخىللىقتا تاشتىنمۇ قاتتىق.

نېمە دېسەم بولاركىن سېنى،
ھايات دەيمۇ ۋە ياكى ئۆلۈم.
مەۋجۇت سەندە ئىككىسى بىردەك،
ھاياتمۇ سەن، ئۆلۈم يا كۆرۈم؟

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

## مەن يېزىنىڭ ساددا بالىسى

مەن يېزىنىڭ ساددا بالىسى،
تېرىكمەيمەن «سەھرالىق» دېسەڭ.
كۆركەم، گۈزەل يېزام دالاسى،
ئۇ گوياكى جەننەت بىلەن تەڭ.

ئۆز يۇرتۇمدىن تانمايمەن زىنھار،
مەن يېزىلىق، يېزىدا ئۆسكەن.
ۋۇجۇدۇمدا يېزام ھىدى بار،
مېنىڭ بەختىم يېزىدىن كەلگەن.

مەن سېنىڭدەك شەھەرلىك ئەمەس،
«سەھرالىق» دەپ يىرگەنمە ئەي قىز.
خالىساڭ سۆي، خالىمىساڭ بەس،
«سەھرالىق» دەپ غەم يېمە ھەرگىز.

مەن يېزىنىڭ ساددا بالىسى،
تېرىكمەيمەن «سەھرالىق» دېسەڭ.
ھەممىمىزنىڭ يېزا ئانىسى،
قوينى كەڭرى جەننەتتۇر بىلسەڭ.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

# تالدى كۆزلىرىم

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تالدى كۆزلىرىم،
كەلمىدىڭ شوخ كۈلۈپ يېنىمغا گۈلۈم.
مەھەللەڭدە تالاي رەت قالدى ئىزلىرىم،
چىقمىدىڭ، دىلىمنى ئۆرتىدى ئەلەم.

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تالدى كۆزلىرىم،
ئۆرلىدى پەلەككە يۈرەكنىڭ ئاھى.
دېرىزەڭ تۈۋىدە قالدى ئىزلىرىم،
ئىشقىڭغا بولغاچقا روھىم سەۋدايى.

1992 - يىلى، يوپۇرغا

# ئالدامچى ۋىسال

سىم ـ سىم يامغۇر ياغار توختىماي،
مۇڭ ئىلكىدە چايقىلار دېڭىز.
تال تۇۋىدە ئىسمىڭنى يادلاپ،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايمەن ئۈنسىز.

كۆز ياشلىرىم تۆكۈلەر تال ـ تال،
ئۈمىدلىرىم جۇل ـ جۇل شۇ قەدەر.
ئاھ! قايدىسەن ئالدامچى ۋىسال،
ئوت ئىچىدە كۆيمەكتە سەۋر.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا



## ئۆنتۇش ئۆچۈن ئەسلەش

تونۇمىدىم بەلكىم مەن سېنى،
تونۇماسمەن يەنە ئېھتىمال.
چۈشۈپ قاپسەن كۆڭلۈم تۆرىدىن،
كەچۈر مېنى، بۇندا ياخشى قال.

تونۇمىغىن مېنىمۇ سەن ھەم،
بېرىشمەيلى ئەمدى تونۇشلۇق.
سىرىمىزنى تۇتايلى پىنھان،
بېقىشساقمۇ يىراقتىن مۇڭلۇق.

بىز ناۋادا قالساق ئۇچرىشىپ،
چاقىرمىغىن ئىسمىمنى ئاتاپ.
خوشلىشايلى يىراقتىن ئۇنسىز،
كەتسىمۇ گەر يۈرەك پاراسلاپ.

ئەگەر بالاڭ سورىسا «كىم» دەپ،
ساۋاقدىشىم دېسەڭ ئىشىنەر.
كەچمىشلەرنى ئېيتمىغىن زىنھار،
دېسەڭ كەچمىش قايتا تىشلەر.

تونۇمىدىم بەلكىم مەن سېنى،
تونۇماسمەن يەنە ئېھتىمال.
ئۇ كۈنلەرنى ئۇنتايلى تامام،
ئۇنتۇش ئۈچۈن پەقەت ئەسلەپ قال.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ۋاز كەچمەيمەن سىنىڭدىن گۈلۈم

ئاي شاردىا بولسىمۇ ئۈيۈم،
ياڭرىسىمۇ پەلەكتە كۈيۈم.
زەم ـ زەم بولۇپ ئاقسىمۇ سۈيۈم،
ۋاز كەچمەيمەن سىنىڭدىن گۈلۈم.

ئۆتسىمۇ گەر ئىلكىمگە ئالەم،
بۇ ئالەمگە بولسامۇ ھاتەم.
ئۆزگەرمەيدۇ، سۆيگۈ رىسالەم،
ۋاز كەچمەيمەن سىنىڭدىن گۈلۈم.

سىنىڭ ئۈچۈن ئاقسامۇ سۇدا،
ھەم كۆيسەممۇ يالقۇندا ـ ئوتتا.
توڭلىسامىمۇ زىمىستان جۇتتا،
ۋاز كەچمەيمەن سىنىڭدىن گۈلۈم.

ئالدانسامىمۇ يالغانغا، نارغا،
ئېسىلسامىمۇ سەن ئۈچۈن دارغا.
يەتمەي تۇرۇپ پەسلى باھارغا،
ۋاز كەچمەيمەن سىنىڭدىن گۈلۈم.

يولۇقساممۇ مۇشكۇل خەتەرگە،
پالانساممۇ ياكى يات ئەلگە.
ئاتلانساممۇ ئۇزۇن سەپەرگە،
ۋاز كەچمەيمەن سېنىڭدىن گۈلۈم.

تىزلانسىمۇ ماڭا مىڭ گۈزەل،
ھەم لېۋىدىن سۇنسىمۇ ھەسەل.
ئەقىدەمگە قىلىپ مەن ئەمەل،
ۋاز كەچمەيمەن سېنىڭدىن گۈلۈم.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئۇ ــ بالىلىق، ئۇ ــ سەبىي چاغلار

ئۇ ــ بالىلىق، ئۇ ــ سەبىي چاغلار،
مەسۇم ئىدىم، شۇنچە كەپسىز ھەم.
كۆكرىكىمگە پاتمايتتى يۈرەك،
شوخلۇقلارغا ئۈندەيتتى ھەردەم.

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ چاغلاردا،
ئايرىلماستىن يۈرگەنتۇق بىللە.
سۇ چېچىشىپ ئېرىقلاردا گاھ،
مۆكۈشمەكلەر ئوينىغان بىللە.

شۇ ئويۇندىن يالداما بولۇپ،
قالدى بىرنى سۆيۈۋالغىنىم.
قانداق چىقسۇن ئېسىمدىن قورقۇپ،
سامانلىققا مۆكۈۋالغىنىم.

ئۆتتى يىللار، ئەسلەيمەن ئەمما،
ئەيمىنىمەن كۆرگەندە سېنى.
ئۇ ــ ئىدىغۇ بالىلىق چاغلار،
ئاھ! ئالتۇنۇم كەچۈرگىن مېنى.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئۈمىدسىز سۆيگۈ

ئېھتىمال راستتىنلا سۆيگەنسەن مېنى،
ئارزۇلار قوينىدا ئۈمىدكە تولۇپ.
ئاھ! نىچۈن سۆيەلمەي قالدىم مەن سېنى،
ئىشقىڭدا كۆيسەممۇ بىر مەجنۇن بولۇپ.
بىلمىدىم، بىلمەيمەن ۋە ياكى بىرسى،
سالدىمۇ قەلبىمگە مەڭگۈلۈك قۇلۇپ.

ئۆزۈممۇ ئەزەلدىن دەردمەن بىر يىگىت،
ۋە لېكىن دەردىمنى يۇرمەيمەن سۆزلەپ.
باش ئەگسەم ناۋادا ساداقىتىڭگە،
يەنىلا قىينايسەن - قىينايسەن ئەجەب.
بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلۇش بولسىكەن نېسىپ،
ئۇنتۇپلا كېتەتتىم يۇرمەستىن ئەسلەپ.

ئېھتىمال راستتىنلا سۆيگەنسەن مېنى،
ۋە ياكى بەرگەندىمەن مەڭگۈلۈك ئازاب.
قالدۇرۇپ يا سۆيگۈ چۆلىدە تەنھا،
ئۇن - تۇنسىز كېتەرسەن - كېتەرسەن ئۇزاپ.
شۇڭلاشقا مەن قالدىم خىيالغا پېتىپ،
تەقدىرىم ئۇستىدە ئۈمىدسىز قاراپ.

1995 - يىلى، يوپۇرغا

## كەچ كۈز كېچىسى

گۈمران ئىدى ئۆيقۇغا هايات،
شېرىن چۈشكە هامىلىدار زېمىن.
هەمراھ بولۇپ ئالەمگە يالغۇز —
ناخشا ئېيتار ئىدى ئىزغىرىن.

خىرە يانغان كۆكتىكى هىلال،
مۇڭلانغانچە باقار مېھرىلىك.
ئېرىقلاردا شىلدىرلار زىلال،
قىياقلارغا لەۋ ياقار يېنىك.

ئاڭلىنىدۇ مۇڭلۇق ناخشا بوپ،
دەريالارنىڭ شىلدىر - شىلدىرى.
شاخ - شاخلاردا سارغايغان ياپراق،
تۆكۈلىدۇ قىرغا قاتارى.

كۆك يۈزىدىن كۆرۈنەر گاهى،
يۇلتۇزلارنىڭ سۇنۇق جىلۋىسى.
تەبىئەتنى ئەللەيلىتىدۇ،
يېزامدىكى كەچ كۈز كېچىسى.

1990 - يىلى، يوپۇرغا

## ئېھتىمال

سەن كېلىسەن بىر كۈن ئېھتىمال،
مەن كۈتىمەن سېنى شۇ يولدا.
ھەم باغرىمغا باسىمەن مەھكەم،
سىيلاپ تۇرۇپ چېچىڭنى ئاستا.

سەن كېلىسەن بىر كۈن ئېھتىمال،
مەن كۈتىمەن قەدىمىي جايدا.
يىغلاپ تۇرۇپ سۆيىمەن سېنى،
باغرىم قانماي زارىقىپ ھەتتا.

سەن كېلىسەن بىر كۈن ئېھتىمال،
مەن كۈتىمەن ساھىلدا تەنھا.
يىغلاپ تۇرۇپ سۆيىمەن سېنى،
ئۇنتۇغاندەك ھەممىنى گويا.

سەن كېلىسەن بىر كۈن ئېھتىمال،
مەن كۈتىمەن ساھىلدا تەنھا.
سۆيۈشلەردىن جان بەرسەك جېنىم،
ياش تۆكەرمۇ بىز ئۈچۈن دۇنيا.

1996 ـ يىلى، يوپۇرغا

# سەيلە قىلساق ئىككىمىز

تۇن قوينىدا سەيلە قىلساق ئىككىمىز،
كۆز قىسىشىپ ئەركىلەيدۇ يۇلتۇزلار.
تال ـ تال سۇمبۇل چاچلىرىڭنى سىيلىسام،
جۇلالايدۇ كۆل يۈزىدە قۇندۇزلار.

تۇن قوينىدا سەيلە قىلساق ئىككىمىز،
ئېزگۈ ھېستا شىۋىرلايدۇ ياپراقلار.
قېنىپ ـ قېنىپ باقسام خۇمار كۆزۈڭگە،
كۆزلىرىڭدىن چېقىلىدۇ چاقماقلار.

تۇن قوينىدا سەيلە قىلساق ئىككىمىز،
سىرىمىزنى ئېلىپ قاچار شاماللار.
گىرە سېلىپ سۆيسەم شېرىن لېۋىڭگە،
باغ ئىچىدىن تاش ئاتىدۇ يامانلار.

تۇن قوينىدا سەيلە قىلساق ئىككىمىز،
لەرزان ئېقىپ كۈي ـ كۈيلەيدۇ دەريالار.
شوخ شاماللار ياڭراتسا كۈي، مۇزىكا،
سۆيگۈمىزنى قۇتلۇقلايدۇ گۈل ـ گىياھلار.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

# تالزارلىقتا يىغلىغان كىم ئۇ؟

تالزارلىقتا يىغلىغان كىم ئۇ؟...
سەنمۇ ياكى مەنمۇ پەرىشتەم؟
ئېيتقىن ئويچان، ساددا گۈزىلىم،
قايسىمىزنىڭ كىرپىكلىرى نەم.

تالزارلىقتا يىغلىغان كىم ئۇ؟
نەدىن كەلدى بۇ مۇڭلۇق ئاھاڭ.
كۈز ئالىمى ئۆكسۈيدۇ زار ـ زار،
سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە غازاڭ.

تالزارلىقتا يىغلىغان كىم ئۇ؟
ياش تۆكۈلەر نېچۈن بىقەدىر.
بۇ قىسمەتنىڭ گۇناھكارى كىم،
سەنمۇ، مەنمۇ ۋە ياكى تەقدىر؟

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

## سىم ـ سىم يامغۇر

سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى كەچ كىرىپ،
چىپ ـ چىپ ئاۋاز تۆكۈلدى ھەريان.
غۇر ـ غۇر شامال ئۇچارغان غازاڭ،
شىلدىرلىدى ئالغاندەك پەرمان.

سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى كەچ كىرىپ،
تېنەپ قالدى بىر ساھىبجامال.
نەزەر تاشلاپ ئەتراپقا مىسكىن،
ياش تۆكمىدۇ كۆزى ئېھتىمال.

سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى كەچ كىرىپ،
تېنەپ قالدى بىر ساھىبجامال.
سەزمەس زىنھار يامغۇر، شامالنى،
لېكىن تېنى تىترەيدۇ غال ـ غال.

خىلۋەت، ساھىل تالزارلىقلارنى،
ساھىبجامال چىقتى ئاختۇرۇپ.
تاپالمىدى، قايتالمىدى ھەم،
قاچانغىچە يۈرەر ئاھ ئۇرۇپ.

سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى كەچ كىرىپ،
چىپ ـ چىپ ئاۋاز قىلدى تەنتەنە.
زار يىغلايدۇ بىر ساھىبجامال،
بەرگەچ سۆيگۈ ئاچچىق سەپسەتە؟

1990 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ھارپا كېچىسى

يېڭى يىلنىڭ ھارپا كېچىسى،
تۇتتۇم ساڭا يېڭىچە سوۋغات.
ئاھ، بىلمىدىم شۈكلىنىپ كەتتىڭ،
يا سوۋغامنى كۆردىڭمۇ ئۇيات.

بېقىپ مۇڭلۇق كۆزۈڭگە جانان،
ئالغىن دېدىم ئاستا پىچىرلاپ.
سەندىن سادا كەلمىدى زىنھار،
مەيۈسكىنە ئالايدىڭ بۇتناپ.

لەۋلىرىڭدە سوغۇق تەبەسسۇم،
كۆزلىرىڭنى ئەپقاچتىڭ ئەجەب.
سەن يىراقلاپ كەتتىڭ ئەجەبا،
تەنھا قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

يېڭى يىلنىڭ ھارپا كېچىسى،
بىز ئاشۇنداق ئايرىلدۇق ئەركەم.
ئاھ، نەقەدەر ئازابلىق كۈن بۇ،
ساڭا بايرام، ماڭا دەرد ـ ئەلەم.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

•

## بىزارلىق

تۇگەشتى ھەممىسى، تۇگەشتى ئەمدى،
مېنىڭ قاقشاپ ئۆلگەنگە ئورنىغا كەلمەس.
تۇگەشتى سۆيگۈنىڭ يالقۇنلۇق ھېسى،
ياش تۆكۈپ يىغلاشمۇ يېڭىلىق ئەمەس.

تۇگەشتى ئەڭ تاتلىق ئۇمىدلىرىمىنىڭ،
نىگاھتا چاقنىغان ئالتۇن شولىسى.
تۇگەشتى بىر تالاي تىلەك، ئارزۇنىڭ —
بىغۇبار شەپەقتەك نۇر يالدامىسى.

بوغۇزلاپ تاشلىدىم ئۆزۈمنى ـ ئۆزۈم،
يىرتىلدى ئەسەبىي ئەپت ـ بەشىرەم.
تۇرىمەن مەھبۇستەك يارنىڭ ئالدىدا،
بەس ئەمدى قەتلە قىل مېنى پەرىشتەم.

بىلمىدىم قەدرىمنى مەن كىم، مەن نېمە؟
ئەڭ سېسىق تۇخۇمدىن قالماپتۇ پەرقىم.
ئەمدى مەن بارارمەن قايسى بازارغا،
قانچىلىك قالغاندۇ ئىنسانلىق نەرقىم.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## يېزامدىكى سەبىي بالىلار

كۆك قەھرىدىن تۆكۈلەر لەرزان،
ئاق چېچەكتەك ئاپپاق ـ ئاپپاق قار.
چۇرۇقلىشىپ ئوينار مۆكۈشمەك،
يېزامدىكى سەبىي بالىلار.

ئاق لىباسقا مۆكۈنۈپ پىنهان،
ياتار بىغەم بىهوش دالىلار.
ھۇقۇيتىشىپ قوغلىشار توشقان،
يېزامدىكى سەبىي بالىلار.

1990 ـ يىلى، يوپۇرغا

## زەرەپشانلىق تەنها گۈزىلىم

زەرەپشانلىق تەنها گۈزىلىم،
مېنى ئەسلەپ تۇرامدىغانسەن.
ياكى ئۇنتۇپ ئۆتمۈشنى تامام،
غەمسىز كۈلۈپ يۈرەمدىغانسەن.

چۈشلىرىمگە كىرىسەن كۈندە،
ئەسلىتىسەن كونا كەچمىشنى.
ھەسرەتلىرىڭ قىينار تىنىمسىز،
يۈرىكىمگە سېلىپ تەشۋىشنى.

سەن ئۇياقتا يېگانە بولساڭ،
مەن بۇياقتا غېرىب ۋە سەرسان.
جۇدالىقتىن ئۆرتەندى يۈرەك،
ئۇنىسىز يىغلاپ، يىغلاپ تەنها جان.

زەرەپشانلىق تەنها گۈزىلىم،
ئۇنتۇمىغىن، ئەسلەپ تۇر ھامان.
ساڭا بەخت تىلەيمەن ئەبەد،
خەير ئەمدى ئامان بول، ئامان.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## يۇر كۈتەيلى، كۈتەيلى جۈنىم

مەن كۈتىمەن، مەڭگۈ كۈتىمەن،
تارتىشقۇدەك نۈمە بار بۇندا.
بىر ئۇنتۇلغان چۇش بولۇپ قالسۇن،
سۆيگۈ نۈسىپ بولمىغان دۇنيا.
يۇر كۈتەيلى، كۈتەيلى جۈنىم،
سۆيگۈ ئىزدەپ كۈزەيلى جۈنىم.

مەن كۈتىمەن، مەڭگۈ كۈتىمەن،
ئاھ! بۇ جاھان كەڭرىغۇ - كەڭرى.
شۇنچە خەققە بەرگەن شادلىقنى،
ماڭا ئەجەب بەرمىدى سەۋرى.
يۇر كۈتەيلى، كۈتەيلى جۈنىم،
دەرۋىش بولۇپ ئۆتەيلى جۈنىم.

مەن كۈتىمەن، مەڭگۈ كۈتىمەن،
تەڭقىسلىقتا قالدىم بۇغۇلۇپ.
بوۋاق بولۇپ يۈڭى دۇنياغا،
كېلەي دەيمەن قايتا تۇغۇلۇپ.
يۇر كۈتەيلى، كۈتەيلى جۈنىم،
كۇلسەك بىللە كۇلەيلى جۈنىم.

مەن كېتىمەن مەڭگۈ كېتىمەن،
ئاللىمىدىم سېنىڭدىن شادلىق.
دەپىن قىلغىن كۆكسۈڭگە مېنى،
ئۆلۈۋالاي ئۆلۈم ئەڭ تاتلىق.
يۇر كېتەيلى، كېتەيلى جېنىم،
ئۆلسەك بىللە ئۆلەيلى جېنىم.

مەن كېتىمەن، مەڭگۈ كېتىمەن،
تارتىشقۇدەك نىمە بار بۇندا.
ئىزدىمەسمەن دۇنيانى زىنھار،
مېنى ئەمدى ئىزدىسۇن دۇنيا.
يۇر كېتەيلى، كېتەيلى جېنىم،
بارچە دەردنى تۆكەيلى جېنىم.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ھېلىقى ئاخشام

بىز خوشلاشقان ھېلىقى ئاخشام،
ۋۇجۇدىمىز تىترەيتتى غال ـ غال.
تۆكۈلەتتى شۇ قەدەر مىسكىن،
شاخ ـ شاخلاردىن ياپراقلار تال ـ تال.

بىز خوشلاشقان ھېلىقى ئاخشام،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدۇق زار ـ زار.
تورالڭ بولۇپ توزۇپ ئىستەكلەر،
ئۈمىدىمىز بولغانتى تارمار.

بىز خوشلاشقان ھېلىقى ئاخشام،
يۇلقىناتتى ھەسرەتتە دەريا.
شۇم تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىدىن،
كۆرۈنەتتى يوچۇن بۇ دۇنيا.

بىز خوشلاشقان ھېلىقى ئاخشام،
كۆرۈنمەيتتى ئاي، يۇلتۇز ھەتتا.
كەتكەن ئىدىڭ ئۇنىسىزلا غەمكىن،
مەن قالغانتىم ساھىلدا تەنھا.

بىز خوشلاشقان ھېلىقى ئاخشام،
ئېسىڭدىمۇ، ئۇنتۇما دىلدار.
مەن زار يىغلاپ ئۆتەي دەردىڭدە،
ساڭا مەڭگۈ بەخت بولسۇن يار.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ناۋادا بىر كۈن

ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا بىر كۈن،
بۇ دۇنيادا ئەجىلىم توشۇپ.
كىم يىغلايدۇ تۆكۈپ يېشىنى،
مۇڭ زارىدىن قوشاققا قوشۇپ.

ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا بىر كۈن،
قالسا ئەگەر جەسىتىم ئوچۇق.
كېلەرسەنمۇ يىراق خانەڭدىن،
ياپارسەنمۇ ئۈستۈمگە يوپۇق.

ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا بىر كۈن،
يىغلارسەنمۇ ئۆكسۈپ ـ ئېسەدەپ.
قىسمىتىمدىن بولۇپ ياكى شاد،
كۈلەرسەنمۇ ئىزدىمەي سەۋەب.

ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا بىر كۈن،
قويارسەنمۇ ئىسمىمنى يادلاپ.
ياكى ئۇنتۇپ ئۆتمۈشنى تامام،
يۈرەرسەنمۇ ئىچىڭدە قاغاپ.

ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا بىر كۈن،
قالارسەنمۇ سەۋدايى بولۇپ.
مەن ئالەمدىن كەتكەندە جېنىم،
كېتەرسەنمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ.

1993 ـ يىلى، يوپۇرغا

## خالىدە

ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى ئارىدىن،
ئۇنتۇغانسەن، ئۇنتۇمىدىم خالىدە.
دەريا ـ دەريا ياش تۆكۈلگەن كۆزۈمدىن،
ياشلىرىمنى قۇرۇتمىدىم خالىدە.

※ ※

سۆزلىشىدۇ بىز توغرۇلۇق قىسسەلەر،
ئاشۇ ساھىل، ئاشۇ دەريا دولقۇنى.
ئاھ! ئېيتقىنا، نېمە ئۇچۇن خارلاندى،
يۈرىكىمدە يانغان ياشلىق يالقۇنى.

ئېسىڭدىمۇ بىز تونۇشقان ئاشۇ كۈن،
ئېسىڭدىمۇ «كۆيدۈم» دېسەم كۈلگىنىڭ.
پىراقىڭدا ئۆرتىنىپ قان يىغلىسام،
ئاھلىرىمغا قۇلاق سالماي يۈرگىنىڭ.

چۆچەكلەردىن ئاڭلاپ ھۆرى ـ پەرىنى،
تەما بىلەن ھەردەم پۇراپ يۈرەتتىم.
نېسىپ بولسا كۆرەرمەن دەپ تەلمۈرۈپ،
گاھ يىغلىسام، گاھى تاتلىق كۈلەتتىم.

چۈشۈمىمكىن، ئوڭۇمىمكىن بىلمەيمەن،
پەرىشتىدەك ئۇچراپ قالدىڭ تۇيۇقسىز.
جانجىگىرىم دەپ ئالدىڭدا يىلىنىپ،
تالاي كېچە ئۆتتى ئاچچىق ئۇيقۇسىز.

بىز ئەسلىدە تونۇشمىساق بوپتىكەن،
قالماس ئىدىم بۇنچە ئېغىر ئازابقا.
كۆزلىرىڭنىڭ يالقۇنىدا يۈرىكىم،
كۆيۈپ ـ پىشىپ ئايلانماستى كاۋاپقا.

لېكىن جېنىم ئۇزۇن ئۆتمەي ئايرىلدۇق،
تاشلاپ كەتتىڭ مېنى يىراق ـ يىراققا.
ھەسرىتىمنى بىرلا ئۆزۈم بىلىمەن،
ئادەم دېگەن ئۆلمەيدىكەن پىراققا.

ئاخشاملىرى كۆككە بېقىپ تەلمۈردۈم،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرەلمىدىم كۆرەي دەپ.
سۆيگۈڭ نېسىپ بولمىغاچقا ھەر دەقىق،
ئۆلۈمىمنى تىلىدىم مەن ئۆلەي دەپ.

تاپالمىدىم سېنى جېنىم ئاختۇرۇپ،
ياكى قەلبىم گۈلشىنىدىن ئۆچتىڭمۇ؟
تاشلاپ قويۇپ مېنى ھەسرەت چۆلىگە،
ئۆزگىلەرنىڭ دالاسىغا كۆچتىڭمۇ؟

ياتلار مېنى نېمە دېسە ـ دېيىشسۇن،
سەن بولمىساڭ تەنھا ياشاپ ئۆتىمەن.
ئېھ، خالىدە مەندىن ئۈمىد ئۈزمىگىن،
مەن يەنىلا سەندىن ئۈمىد كۈتىمەن.

※ ※

ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى ئارىدىن،
ئۇنتۇغانسەن، ئۇنتۇمىدىم خالىدە.
دەريا ـ دەريا ياش ئاققۇزغان كۆزۈمدىن،
ياشلىرىمنى قۇرۇتمىدىم خالىدە.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## كەل ئەزىزىم

كەل ئەزىزىم، كەل مېنىلا كۈت،
مۇڭدىشايلى قانغۇچە بۇگۈن.
بىردەملىككە دۇنيانى ئۇنۇت،
تاراپ كەتسۇن كۆڭۈلدىن تۇگۈن.

كەل ئەزىزىم، كەل مېنىلا كۈت،
مۇڭدىشايلى قانغۇچە بۇگۈن.
ياشلىقىمىز بولمامدۇ نابۇت،
ئۆلۈپ كەتسەك ئەتە يا ئۆگۈن.

كەل ئەزىزىم، كەل مېنىلا كۈت،
مۇڭدىشايلى قانغۇچە بۇگۈن.
بەخت ئۈچۈن ئوقۇپ مۇناجات،
شاد ھاياتقا ئۈن قاتايلى، ئۈن.

كەل ئەزىزىم، كەل مېنىلا كۈت،
مۇڭدىشايلى قانغۇچە بۇگۈن.
كۆزلىرىڭدىن ياشلارنى قۇرۇت،
بارچە سىرلار، يېشىلسۇن تۇگۈن.

كەل ئەزىزىم، كەل مېنىلا كۈت،
مۇڭدىشايلى قانغۇچە بۇگۈن.
ئەقىدىدىن تىكلەپ بەخت، قۇت،
سۆيگۈمىزنى تاپايلى پۈتۈن.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## خوش ئەمدى گۈزىلىم

خوش ئەمدى مەن كەتتىم، سەن قالدىڭ تەنھا،
كۆزۈمدە، كۆزۈڭدە دەريا ـ دەريا ياش.
خوش دېدۈق قوللارنى كۆتۈرۈپ تەڭلا،
لېۋىمدە، لېۋىڭدە ئۈنسىز پىچىرلاش.

نەقەدەر دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك،
تەقدىرنىڭ قىسمىتى، ھىجران دەملىرى.
يۈرەكنى قاپلىدى قارا تۇماندەك،
سۆيگۈ ۋە ئازابنىڭ ئاچچىق غەملىرى.

خوش ئەمدى ئايرىلدۇق يىغلىشىپ زار ـ زار،
خوش ئەمدى گۈزىلىم ئامان بول، ئامان.
چىن سۆيگۈ بىزگىمۇ ئاچىدۇ رۇخسار،
ئازابنىڭ بۆشۈكى ئەمەس بۇ جاھان.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## مەڭ ۈلۈك ئازا

تونۇمايتتىم س ى مەن پەقەت،
ئىسمىڭ نىما راڭغۇ ئىدى.
كۆردۈم سىنى چىلدى خىيال،
قىسمەت نىمە ۈرۈنمەس ئىدى.

تۇۋا دەيمەن، ت شتۇق بۇگۈن،
ئۇچراشتۇردى ۈلەرنى تەقدىر.
شېئىر يېزىپ ەت سەن ئۈچۈن،
بولۇپ قالدىم ب لاڭغۇ شائىر.

تونۇشمىساق بو مكەن ئەسلى،
سۆيگۈڭ ماڭا بو مدى نېسىپ.
ۋىسال كۈتۈپ يە خلاپ زارىقىپ،
ئۆتەرمەنمۇ باغر منى ئېزىپ.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئاھ! قايدىسەن بىچارە قىزچاق

چىغىر يولدا كېلىمەن تەنھا،
يۈرەك شۇنچە سوقار تىنىمسىز.
بىر ساڭىلا بولغاندەك تەشنا،
يىراقلارغا قارايمەن ئۈنسىز.

ئاھ! بۇ يولنى ماڭسام تۈگىمەس،
تۈيۈلار ئۇ چەكسىز دۇنيادەك.
بىچارىمەن، يۈرىكىمدە ئوت،
كۆز ياشلىرىم ئاقار دەريادەك.

ئېزىقتۇردى مېنى بۇ يوللار،
ئاھۇ كەبى قالدىم تەمتىرەپ.
بۇلاق تۇرار مىسكىن سۈكۈتتە،
ئۇچراتمىدىم سېنى ئاھ! ئەجەب.

ئاھ! قايدىسەن سۆيۈملۈك قىزچاق؟
تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق.

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئىزدىگىنىم كىم

بۇ جايدا كىم بىلەن ئۇچراشقان ئىدىم،
بۇ جايدا كىمنى زار كۈتكەن تەلمۈرۈپ.
بۇ جايدا كىم بىلەن خوشلاشقان ئىدىم،
بۇ جايدا مەن كىمنى قويغان يىتتۈرۈپ.

بۇ جايدا كىم بىلەن يۈرۈشكەن تالاي،
بۇ جايدا كىم ئۈچۈن ئۆرتەنگەن دىلىم.
بۇ جايدا كىم بىلەن سۆيۈشكەن قانماي،
بۇ جايدا بۈگۈن ئىزدىگىنىم كىم؟

1992 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ئاخىرقى ئىلتىجا

مەيلى سەن بىرىپ كەت ماڭا مۇڭ .. ئەلەم،
قىسمىتىم ئوخشايدۇ بەربىر چۈشكە.
بولدىلا، قەلبىڭگە سىغمىغان بولسام،
ئىتتىرگىن سەن مىنى ھەسرەتكە، غەمگە.

رەنجىمە، خوشلاشقان چاغدا سەن ئۈچۈن،
چىدىماي ياش تۆككەن بولسام بىھۇدە.
رەنجىمە، جاراڭشىپ سۇنسا ئەينەكلەر،
چۈش بولۇپ قالىدۇ ھەممىسى يەنە.

چۈش بولۇپ قالىمەن ئىھتىمال ساڭا،
چۈشكىلا ئوخشايدۇ مۇھەببەت دىگەن.
چۈش بولۇپ قالىسەن سەنمۇ ھەم ماڭا،
ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ گويا چۈش ئىكەن.

ئۆلسىمۇ ئەقىدەم سۈكۈتلىرىڭدە،
ئىسىمدە، ئاداققى يىغلىغانلىرىم.
كەچۈرگىن، چۈشۈڭگە كىرمىسۇن ھەتتا،
مەن سىنى مەڭگۈگە ئۇنتۇلغانلىقىم.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## دەردلىرىمنى ئازايسۇن دىسەڭ

قولۇڭنى ھەيدەپ ئەي نىگار،
كىتىپ قالدىڭ ئايدىڭ كىچىدە.
تەشۋىش ئىچرە قالدى يۈرەك ئاھ،
سەمەندەردەك ئوتنىڭ ئىچىدە.

قاراپ ـ قاراپ كۆزلىرىم تالدى،
تۈن قوينىدا يىتتى قاراڭمۇ.
يىتتى قاراڭ، ئۈزۈلۈپ قالدى،
مۇڭ ھاپاشلاپ كەلگەن ئاھاڭمۇ.

مۇڭ ئۇلاشقان يىغلاڭغۇ كۆزدىن،
دومىلايدۇ تارام ـ تارام ياش.
ئىزدىسەممۇ دەريا يۈزىدىن،
كۆرۈنگىنى پەقەت قورام تاش.

قايسىمىزدىن ئۆتتى سەۋەنلىك،
كۆز قىيىشماي ئايرىلدۇق ئەجەب.
بىز سەيلىگاھ قىلغان چىمەنلىك،
ئەمدىلىكتە قاپتۇ چۆلدەرەپ.

تۇيۇلماقتا ماڭا غەلىتە،
قول تۇتۇشۇپ ماڭغان چىغىر يول.
مۇڭلانغانچە تۇرار بىر چەتتە،
يېتىمسىراپ تال چىۋىق مەجنۇن.

قالدىم يىغلاپ، زارىقىپ تەنها،
گۈل چىرايىم بولدى زەپىرەڭ.
كەل سۆيۈپ قوي، سۆيۈپ قوي بىرنى،
دەردلىرىمنى ئازايسۇن دېسەڭ.

1990 ـ يىلى، يوپۇرغا

# دىدارلاشساق ئەگەر ئىككىمىز

دىدارلاشساق ئەگەر ئىككىمىز،
كەچۈرمىشلەر كېلەرمۇ ئەسكە.
قىيا بېقىپ ياكى يىراقتىن،
سالاملىشىش چۈشەرمۇ تەسكە.

دىدارلاشساق ئەگەر ئىككىمىز،
تىللارمىزمۇ «تەقدىر»نى رەت ـ رەت.
قۇچاقلىشىپ ئىستەك ۋەسلىدە،
تۆكەرمىزمۇ مۇڭلىنىپ ھەسرەت.

دىدارلاشساق ئەگەر ئىككىمىز،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ چېكەمدۇق پەرياد.
ياكى ئۇنتۇپ ئۆتمۈشنى تامام،
بەختىمىزدىن كۈلەرمىزمۇ شاد.

دىدارلاشساق ئەگەر ئىككىمىز،
كېتەرمۇ ھەي يۈرەك پىلتىڭلاپ.
تۇرارمىزمۇ قورۇنۇش بىلەن،
سەبىيلەرچە ئۇنسىز تېڭىرقاپ.

دىدارلاشساق ئەگەر ئىككىمىز،
ۋىسال كۈلەر قايسى ھالەتتە.
ساقال، قورۇق باسقان يۈزلەردىن،
ئۆرتىنەرمۇ يۈرەك ئەبەدكە.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

# مۇشۇ يول

مۇشۇ يولدىن كەلگەن چېغىڭدا،
بىر چىرايلىق تونۇشقان ئىدۇق.
تاتلىققىنە تۇتاشتى سۆيگۇ،
كۈتمىگەندە پۇشايمان يېدۇق.

مۇشۇ يولدىن كەلگەن چېغىڭدا،
مۇشۇ يولدىن كەتتىڭ ھەم ئۇزاپ.
مۇشۇ يولدىن كېلىدۇ بەلكىم،
بىزگە شادلىق ۋە ياكى ئازاب.

مۇشۇ يولدىن كەتكەن چېغىڭدا،
مۇشۇ يولدىن كەلمىدىڭ ئەجەب.
مۇشۇ يولدا كۈتتۈم تالاي يىل،
پەرى بولۇپ كېلەرمىكىن دەپ.

1995 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ياغماقتا قار ــ لەپىلدەپ ئاپپاق

ئىزدىمىدىڭ، خەتمۇ يازمىدىڭ،
كۈتتۈم سېنى چەكسىز تەلمۈرۈپ.
ئۆتتى تالاي كۈنلەر ھەم تۈنلەر،
ئاھ! سەن ئۈچۈن خىياللار سۈرۈپ.

ئايلاپ، يىللاپ كۈتتۈم ئاشۇنداق،
يۈرىكىمنى ئۆرتىدى ئەلەم.
يۈزلىرىمگە چۈشتى قورۇقلار،
چاچلىرىمغا ئاقلار قوندى ھەم.

ھىجرانىڭدا بولدۇم سەۋدايى،
پىراقىڭدا كۆيسۈن دېدىڭمۇ؟
كۆز ياش قىلدىم، پەرۋا قىلمىدىڭ،
ياكى تىرىك ئۆلسۈن دېدىڭمۇ؟

ئىزدىمىگىن، خەتمۇ يازمىغىن،
ئۇنتۇغىنىا، ئۇنۇت ئېھ دىلدار.
ئاھ! مەن ئۈچۈن كېپەنلىك بولۇپ،
ياغماقتا قار لەپىلدەپ ئاق قار.

1995 ـ يىلى، يوپۇرغا

## مەڭگۈلۈك ئۆلۈم

ئۇخلاپ قالدىم، ئەپۇ قىل مېنى،
ئويغاتمىغىن، ئارام بەر، ئارام.
ياغلىقىڭنى يېپىنچا قىلىپ،
يېپىپ قويغىن، بولما بىئارام.

قىسمىتىمدىن ياش تۆكۈپ ئۈنسىز،
ئېچىنمىغىن، چەكمىگىن ھەسرەت.
ياساتمىغىن قەبرە تېشىمنى،
قارا يەرگە كۆمۈپ قوي پەقەت.

سەن ئۈچۈن مەن چۈش بولۇپ قالاي،
چۈشلىرىڭدىن ئىزدىمە زىنھار.
خاتىرەڭگە ئاددىيلا قىلىپ،
يېزىپ قويغىن ئىسمىمنى دىلدار.

قېنى ئۇ دەپ سورىسا ئەگەر،
ئۇخلاپ قالدى دېگىن، تىنىلىۋال.
كەچمىشىمدىن قىسسەلەر سۆزلەپ،
ھەم كۆڭلىنى قىلمىغىن مالال.

1995 ـ يىلى، يوپۇرغا

## قارلىق

كىتاب سوراپ كىرىپ مېنىڭ خانەمگە،
قارلىق خېتى تاشلاپ قاچتىڭ ئوماق قىز.
قوغلاپ كەتتىم مەنمۇ شۇئان ئارقاڭدىن،
بەيگىلەرگە چۈشكەن كەبى شۇنچە تېز.

يېتەلمىسۇن، تۇتالمىسۇن دېگەندەك،
ھېچ ھارماستىن تۇلپار بولۇپ قاچىسەن.
ئەمدى يېتەي دېگەن چاغدا بوي بەرمەي،
ئاپپاق قارنى پومزەك قىلىپ ئاتىسەن.

قوغلاپ ـ قوغلاپ تۇتالمىدىم ئاخىرى،
قارلىق چېيى ئارتىپ قويدۇڭ بوينۇمغا.
خەپ توختىغىن تويلۇق چېيى ئېچكۈزۈپ،
سەن ئوماقنى مەن ئالۇرمەن قوينۇمغا.

1996 ـ يىلى، يوپۇرغا

# قىش كېچىسى

قىش كۈنىنىڭ جىمجىت كېچىسى،
كۆز يېشىممۇ سوغۇق شۇ قەدەر.
ئۈنسىز يىغلاپ ئوتلۇق كۆزلىرىم،
كىمنىدۇرتاڭ بىرسىنى كۈتەر.

قىش كۈنىنىڭ جىمجىت كېچىسى،
يۈرمەكتىمەن تەنھا قار كېچىپ.
كەيپىم مىسكىن قارنىڭ ئۈستىگە،
بىر ئىسمىنى يازىمەن جىجىپ.

قىش كۈنىنىڭ جىمجىت كېچىسى،
بىر مەھەللىگە كېلىمەن تەنھا.
چېكەلمەستىن دېرىزىسىنى،
تەشۋىش بىلەن قايتىمەن ئاستا.

1996 ـ يىلى، يوپۇرغا

## مەھبۇبەگە پىچىرلاش

كەل سىغىنندىم ساددا گۈزىلىم،
چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوي مېنى.
سىڭىپ كەتسۇن باغرىڭغا تېنىم،
ئاچ قوينۇڭنى قېنىسەن ـ قېنى.

بىز جاھانغا مېھمان تۆت كۈنلۈك،
رەنجىتمىگىن نازۇك كۆڭلۈمنى.
تەقدىر ـ قىسمەت ئىلكىدە بۇ جان،
ھېچكىم بىلمەس ئۆلۈم كۈننى.

كەل سۆيۈپ قوي ئاخىرقى نەپەس،
بېسىۋالاي باغرىمغا سېنى.
ئاشۇ ئوتلۇق سۆيۈشلەر ئارا،
ئۇنتۇپ كېتەي ئۆلۈم دېگەننى.

1998 ـ يىلى، يوپۇرغا

## سۆيگۈ ئالبۇمى

— قىز دوستۇمغا بېغىشلاپ

خاتادۇر قارىشىڭ، خاتادۇر قىزچاق،
ھەممە ئىش سەن خىيال قىلغاندەك ئەمەس.
سۆيگۈنى ئويۇنچۇق قىلمىغىن بۇنداق،
ئەمەستۇر ئۇ دېگەن بىر دەملىك ھەۋەس.

ھېكايە توقۇشقا ماھىر ئىكەنسەن،
چۈشەندىم سېنى مەن، چۈشەندىم تولۇق.
كىملەرنى مەن كەبى ئالدارسەن يەنە،
كىملەرنىڭ كۆڭلىرى ئۆتەر ـ ھە مۇڭلۇق.

خاتادۇر قارىشىڭ، خاتادۇر قىزچاق،
سەن خىيال قىلغاندەك ئەمەس مۇھەببەت.
ئېسىمدىن قۇرۇسۇن شېرىن كەچمىشىڭ،
خوش ئەمدى چۈش بولۇپ قالغىن تائەبەد.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## خوش، ئالدامچى قىزچاق!

ئالدىدىڭ، خارلىدىڭ، يىغلاتتىڭ زار ـ زار،
كۆزۈمدىن تۆكۈلدى تارام ـ تارام ياش.
قىلساڭمۇ يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قان،
يەنىلا دېمىدىم سېنى باغرى تاش.

سەن ئۈچۈن ياشىدىم ئېتىقاد بىلەن،
سېنى دەپ ئۆزگىگە تاشلىماستىن سۆز.
ئالدىمدا نازلىنىپ تۇرسىمۇ ھۆرلەر،
سېنى دەپ باشقىغا يۈگۈرتمىگەن كۆز.

سېنى دەپ كۆزۈمدىن ئاققۇزغان كۆپ ياش،
سېنى دەپ چەككەنتىم ھەسرەت، پۇشايمان.
ياشلىقىم گۈللىرى سولغان قولۇڭدا،
سېنى دەپ بەختىمنى ئەيلىگەن گۇمران.

سېنى دەپ تۈنلەردە ئېيتقان ناخشىلار،
سېنى دەپ مۆڭلىنىپ، باغرىمنى ئېزىپ.
نەلەردە يۈرۈيسەن، كىمنىڭ باغرىدا؟
ئاھ! ئەجەب سەن ماڭا بولمىدىڭ نېسىپ.

تالاي يىل سېنى مەن كۈتكەنتىم شۇنداق،
ۋە لېكىن سەن ماڭا ئاچمىدىڭ قۇچاق.
بولدى بەس، كەچمىشلەر قالسۇن چۈش بولۇپ،
خەير ـ خوش، خەير ـ خوش ئالدامچى قىزچاق.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## بىر ئەتىگىنى

تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق،
ئاستا ـ ئاستا، شىلدىر، ئاھ، شىلدىر.
پۈركۈگەندەك گويا ئالتۇن ھەل،
كۆز چاقنىتار دالا ۋە ئېدىر.
ماكانسىز قۇش دانلاپ يۈرگەن قىر،
كۈز كۈنىنىڭ بىر ئەتىگىنى.

تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق،
ئاستا ـ ئاستا، شىلدىر، ئاھ، شىلدىر.
يېزىدىكى يالغۇز كەپىدىن،
كېلەر جۇل ـ جۇل يېگانە شائىر.
ئوقۇپ مىسكىن قەدىمىي شېئىر،
كۈز كۈنىنىڭ بىر ئەتىگىنى.

تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق،
ئاستا ـ ئاستا، شىلدىر، ئاھ، شىلدىر.
غازاڭ تېرىپ كېلىدۇ بىر قىز،
ئۆتمۈشىنى خاتىرىلەپ بىر ـ بىر.
لېۋىدە مۇڭ، ئۇھ تارتىپ ئېغىر،
كۈز كۈنىنىڭ بىر ئەتىگىنى.

تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق،
ئاستا ـ ئاستا، شىلدىر، ئاھ، شىلدىر.
ئاھ نېمىنى ئىزدەر ئىككى جان،
كۆزلىرىدە ئالەمچە مېھىر.
تېگىرقايدۇ نېچۈن بىتەخىر،
كۈز كۈنىنىڭ بىر ئەتىگىنى.

1991 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئاچچىق ئىزغىرىن

كەچ كۆزدىكى ئاچچىق ئىزغىرىن ـ
ھۇقۇيتىدۇ ئۆتىدۇ غۇر ـ غۇر.
تۆكۈلىدۇ مىسكىن، بەك مىسكىن،
تالزارلىقتىن ئالتۇنسىمان نۇر.

كەچ كۆزدىكى ئاچچىق ئىزغىرىن،
شىلدىر ـ شىلدىر ئۆتىدۇ تىنماي.
زېمىن قىلىپ قارنى يېپىنچا،
سۇنايلىنىپ ياتىدۇ ئاي ـ ھاي.

1990 ـ يىلى، يوپۇرغا

## كېزەيلى دىلبەر

تاغ كەينىگە مۆكۈنمەكتە ئاي،
سۈزۈلمەكتە تۇمانلىق سەھەر.
قىر ـ قىرلاردا چۆرۈلداپ تورغاي،
يالتىرايدۇ ياپراقلاردا تەر.

سۈكۈناتقا چۆممەكتە دالا،
تۆكۈلمەكتە شەبنەم يېپيېپ پەر.
بىزگە ئېتەك ئاچماقتا دالا،
كەل يېزامنى كېزەيلى دىلبەر.

1990 ـ يىلى، يوپۈرغا

## كەل يېزىلىق ساددا گۈزىلىم

كەل يېزىلىق ساددا گۈزىلىم،
گۈل يېزامنى كېزەيلى بىللە.
ئەجرىمىزدىن پاك سۆيگۈمىزنى،
گۈل - چېچەككە بېزەيلى بىللە.

كەل يېزىلىق ساددا گۈزىلىم،
چىق خانەڭدىن كېزەيلى بىللە.
ئۆتەڭ، سايدىن، چىغىر يوللاردىن،
بالىلىقنى ئىزدەيلى بىللە.

كەل يېزىلىق ساددا گۈزىلىم،
گۈل يېزامنى كېزەيلى بىللە.
ئۈلۈغ بىر كۈي ياڭرىتىپ بۈگۈن،
بەختىمىزدىن كۈلەيلى بىللە.

1990 - يىلى، يوپۇرغا

## ئېسىڭدىمۇ بىز تونۇشقان جاي

زىلال سۇدىن ئۇپرىغان قىيا،
گىرۋەكلەردە خالدەك ئۇششاق تاش.
ساھىلدىكى يۇلغۇنزار دالا،
چىم يۇلۇشۇپ ئولتۇرغان نەم قاش.

خىلۋەتتىكى دۆۋە ـ دۆۋە قۇم،
بالىلىقتا ئىز سالغان توقاي.
ئاڭلاي سەندىن ئېيتقىن ئالتۇنۇم،
ئېسىڭدىمۇ بىز تونۇشقان جاي.

1990 ـ يىلى، يوپۇرغا

# كۆتەر بىزنى قىشتىمۇ باھار

كۆز شاملى ئۇچماقتا غۇر ـ غۇر،
سارغايماقتا شاخلاردا ياپراق.
ئاي تۆكمەكتە دەستە ـ دەستە نۇر،
سۆكۆناتقا چۆممەكتە قىشلاق.

ئاھۇلارنىڭ ھۆسنىدەك گۈزەل،
داللاردا ياتار ئاپپاق قار.
كەل! سېغىندىم، يېزىمىزغا كەل،
كۆتەر بىزنى قىشتىمۇ باھار.

1990 ـ يىلى، يوپۇرغا

# يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم

سېنى دەپ تۇغۇلدۇم، ياشايمەن سەنچۈن،
سېنى دەپ كەلگەنمەن دۇنياغا كەلسەم.
ئالەمنىڭ نېرىگە قىلىناي سۈرگۈن،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

پۇتۇمغا پۇت بولدۇڭ، قولۇمغا ھەم قول،
دۆڭلەردىن، چۆللەردىن تەرمەچلەر تەرسەم.
بەختىمگە قۇت بولدۇڭ ماڭغىنىمدا يول،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

ئەڭ سادىق، پاسىبان، مەدەتكارىمسەن،
بەيگە ھەم جەڭلەردە كۆكرەكلەر كەرسەم.
ھاياتىم ئىلكىدە يوقۇم ـ بارىمسەن،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

پانىيدىن باقىيغا ئېپكېتەرىم يوق،
ئارمانسىز كېتەرمەن سەن بىلەن كەتسەم.
ھېچنېمە سەن كەبى بېرەلمەيدۇ زوق،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

مەيلىغۇ بۇ يولدا ئاقسىمۇ يېشىم،
رازىمەن سەن ئۇچۈن قۇربانلار بەرسەم.
ۋە ياكى پەلەككە يەتسىمۇ بېشىم،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

مەيلى مەن مەجنۇندەك تاغلاردا يۈرەي،
خورلۇق ھېس قىلماسمەن سەن ئۈچۈن يۈرسەم.
مەيلى بىر جەننەتتەك باغلارغا كىرەي،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

ھاياتلىق يولۇمدا سەپەردىشىم سەن،
سەن بىلەن كىرەرمەن يالقۇنغا كىرسەم.
بىر ئۆمۈر ھال ـ مۇڭۇم، خەۋەردىشىم سەن،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

بارلىقىم، بايلىقىم پەقەت ـ پەقەت سەن،
سەن بىلەن كۈلەرمەن ناۋادا كۈلسەم.
تېنىمدە گەر روھىم بولغىنى بىلەن،
يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئۆزگە بىر نەرسەم.

2011 ـ يىلى، يوپۇرغا



# يېگانه

مەن گويا تاشلاندۇق يېگانە ئارال،
ئېھتىمال ھېچكىممۇ ئاياغ باسمىغان.
زىخلارغا مىخلىنىپ قالغان يۈرىكىم،
ئاخىرقى تىنىقتا سوقماقتا ئاران.

مەن گويا تاشلاندۇق يېگانە ئارال،
بىچارە كاككۇكتەك ئىگىسىز قالغان.
جىسمىمدىن غېرىبلىق تۆكۈلمەكتە ئاھ!
قەلبىمگە مىسكىنلىك سالماقتا چۇقان.

مەن گويا تاشلاندۇق يېگانە ئارال،
مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە چېكىمەن پىغان.
ۋىسالىڭ تېگىگە تەشنا مەن ئەمما،
نېمىشقا سۆيگۈدىن يوق ماڭا ئىمكان.

مەن گويا تاشلاندۇق يېگانە ئارال،
روھىمنى تەنھالىق كۈيى قاپلىغان.
مەجنۇنلۇق يولىدا بىخلانغان سۆيگۈم،
نادانلار قولىدا بولماقتا ۋەيران.

1998 ـ يىلى، ياۋروپادا

## گۈلباھارىم كەلگىن، كۈلۈپ كەل

گۈلباھارىم كەلگىن، كۈلۈپ كەل،
كېلىنچەكتەك نازلىنىپ تۇرماي.
ئېيتقىن تولۇق شەرتىڭنى ماڭا،
قانچە ئېغىر بولسا ئورۇنداي.

كەلگىنىڭدە ھەر قېتىم يوقلاپ،
يۈرەككە ئوت سېلىپ كېتىسەن.
قاندۇرماستىن مېھرىڭگە ھېچبىر،
كۆڭلۈمنى ھەم ئېلىپ كېتىسەن.

گۈلباھارىم كەلسەڭ بۇ نۆۋەت،
بالدۇر قايتىپ كەتمەسكە كەلگىن.
سىردىشايلى، دوست بولايلى بىز،
قېنى ماڭا چىن ۋەدە بەرگىن.

1992 - يىلى، يوپۇرغا

## ئۈنتۈپ كېتەرسەن بىر كۈن

مېنى ئۈنتۈپ كېتەرسەن بىر كۈن،
كۆرۈنمەسمەن كۆزۈڭگە ئەسلا.
تەنهالىقتا قىلىنسام سۈرگۈن،
چۈشۈڭگىمۇ كىرمەسمەن ھەتتا.

مېنى ئۈنتۈپ كېتەرسەن بىر كۈن،
غېرىبقىنا قالدۇرۇپ تەنها.
يوقىلارمەن ئېسىڭدىن پۈتۈن،
قايتىلانماس چۈشتەكلا گويا.

مېنى ئۈنتۈپ كېتەرسەن بىر كۈن،
ئۈنتۇغاندا دەيمەن ئەلۋىدا.
ئاخىر زامان بولسا مەن ئۈچۈن،
قالار يەنە قىز پېتى دۇنيا.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## غېرىبسىنىپ قالساڭ ناۋادا

غېرىبسىنىپ قالساڭ ناۋادا،
مىسكىنلىكتىن قوتۇل تىك تۇرۇپ.
ئۇنتۇپ كەتكىن كەچمىشلىرىڭنى،
پىنهانلاردا يالغۇز ئولتۇرۇپ.

غېرىبسىنىپ قالساڭ ناۋادا،
شېئىر يازغىن ئۆزۈڭ ھەققىدە.
ياپراقلارغا شىۋىرلاپ ئاستا،
يىغلىۋالغىن يېشىڭ لىققىدە.

غېرىبسىنىپ قالساڭ ناۋادا،
رەستىلەرنى ئايلانغىن بىر پەس.
ۋىسال تېخى ئاتسا مۇبادا،
غەمسىنىشمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس.

غېرىبسىنىپ قالساڭ ناۋادا،
خىيال سۈرگىن بىردەم سۈكۈتتە.
قارچۇقۇڭغا كۆمۈلسۇن دۇنيا،
يىراقلارغا باققىن ئۈمىدتە.

2010 - يىلى، ياۋرۇپادا

# مەن يادىڭدا بارمۇ ئەي قىزچاق

مەن يادىڭدا بارمۇ ئەي قىزچاق؟
ئەسلىدىڭمۇ ناگان ـ ناگاندا.
يا پەرۋاسىز يۈرەمسەن شۇنداق،
تاشلاپ قويۇپ مېنى ھىجراندا.

مەن يادىڭدا بارمۇ ئەي قىزچاق،
كەتكەنسەنمۇ ياكى ئۇنتۇلۇپ.
ئۇنتالمىدىم سېنى مەن بىراق،
يا قەلبىمگە سالدىڭمۇ قۇلۇپ.

مەن يادىڭدا بارمۇ ئەي قىزچاق،
يۈرگەنسەنمۇ ھەسرەتكە تولۇپ.
ئۆلۈپ كەتسەم ئىشقىڭدا بىر كۈن،
قالارسەنمۇ سەۋدايى بولۇپ.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## بىر ساڭىلا

مەن بىھوشقا ئايلاندىم شۇ تاپ،
بۇلاق كەبى كۆزۈڭگە قاراپ.
خىيانەتسىز يۈرەك، قەلبىمنى،
بىر ساڭىلا قويدۇم مەن ساقلاپ.

گەر سىغمىسا قەلبىڭگە قەلبىم،
مۇز ئاستىغا تاشلىۋەت قاتلاپ.
قات ـ قېتىنى يۈرمە ئاختۇرۇپ،
ھەم بىراۋغا بەرمىگىن داتلاپ.

ئاداققى رەت ئۆتۈنەي سەندىن،
مېنى بۇنداق يۈرمىگىن ياتلاپ.
يالغان سۆيۈپ رەسۋا قىلغۇچە،
سۆيمەي مەڭگۈ ئۆتكىن ئازابلاپ.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

## قايسىمىزدىن ئۆتتى سەۋەنلىك

قايسىمىزدىن ئۆتتى سەۋەنلىك،
مېنىڭدىنمۇ ياكى سېنىڭدىن.
سورىۋالاي ئاخىرقى قېتىم،
جاۋاب بەرگىن راستچىللىقىڭدىن.

قايسىمىزدىن ئۆتتى سەۋەنلىك،
سەۋەبچىسى راستتىنلا كىم ــ كىم؟
مەندىن ئۆتكەن بولسا بۇ گۇناھ،
ئەلەم ئۇرسۇن، قۇرۇسۇن دىلىم.

قايسىمىزدىن ئۆتتى سەۋەنلىك،
مەندىمۇ يا سەندىن بىلمىدىم.
جاندىن ئېزىز كۆرەتتىم سېنى،
ئاسىيلىقمۇ قىلمىغان ئىدىم.

قايسىمىزدىن ئۆتسۇن سەۋەنلىك،
تەگىشىپمۇ يۇرمەيلى جېنىم.
جىمجىتقىنا ئايرىلىپ كەتتۇق،
بۇمۇ بەلكىم تەقدىردۇر جېنىم.

2008 ـ يىلى، يوپۇرغا

## سەنسىز تەنھا قالدىم بۇ كېچە

ئۆكسۈمەكتە ئاجىز تەشنالىق،
ئۆرتىمەكتە دىلنى تەنھالىق،
ئۆرلىمەكتە بەڭباش سەۋدالىق،
سەنسىز تەنھا قالدىم بۇ كېچە.

ئۇيالماقتا سۆيگۈ باغلىرىم،
ئۇلغايماقتا ھەسرەت داغلىرىم،
ئۇۋالماقتا ئۈمىد تاغلىرىم،
سەنسىز تەنھا قالدىم بۇ كېچە.

بۇ ئەسىرنىڭ قىزى بىكۆيۈم،
خۇلقى نازى دىلى ئۆزى بىكۆيۈم،
بۇ ئەسىرنىڭ سۆزى بىكۆيۈم،
سەنسىز تەنھا قالدىم بۇ كېچە.

ئىستەكلىرىم ئۆلدى ھۆرسىمان،
تىلەكلىرىم بولدى ھەم گۇمران.
يۈرەك باغرىم چەكمەكتە پىغان،
سەنسىز تەنھا قالدىم بۇ كېچە.

قۇلۇلىدەك ئۆتمەكتە ھايات،
جىنچىراغدەك ئۆچمەكتە ھايات.
دەرگاھىغا كۆچمەكتە ھايات،
سەنسىز تەنھا قالدىم بۇ كېچە.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## گۈل قويغىن قەبرەمگە

مەن تۆرەلدىم خۇش ناۋادا ئالەمگە،
يولۇقتۇمغۇ سەندەك تۇنجى لالەمگە.
سەن ئۈچۈن دەرد چەكسەم پەرۋا قىلمىدىڭ،
ئەمما بۇلبۇل قان يىغلىدى نالەمگە.

ئاشىقلىقىم ئازاب بولدى ئۆزۈمگە،
سەنسىز دۇنيا كۆرۈنمەيدۇ كۆزۈمگە.
ئون گۈلۈمنىڭ بىرى تېخى ئېچىلماي،
نە سەۋەبتىن مەھكۇم بولدۇم ئۆلۈمگە.

ئاي، يىللارمۇ كۆنۈپ كەتتى سەبرەمگە،
ئىچ ئاغرىتماي، ئازابىمغا جەبرەمگە.
ئاخىر زامان بولدى ئەمدى مەن ئۈچۈن،
بىر دەستە گۈل قويۇپ قويغىن قەبرەمگە.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## گۈناھىم بار

ھېچ بىلمىدىم مەندىن يىراق قاچىسەن،
نېمىشقىدۇر ماڭىلا دەرد چاچىسەن.
قانداق قىلسام چىرايىڭنى ئاچىسەن،
ئېيتقىن نېمە گۈناھىم بار ئالدىڭدا؟

گۈناھىمدۇ سېنى ياخشى كۆرگىنىم،
گۈناھىمدۇ بىرلا ساڭا كۆيگىنىم،
گۈناھىمدۇ ھالىڭ سوراپ يۈرگىنىم،
ئېيتقىن نېمە گۈناھىم بار ئالدىڭدا؟

ئالەم دېگەن ئادەم بىلەن ئالەمغۇ،
ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەمغۇ،
سەن بولساڭلا يوق ئىدى مۇڭ ـ نالەمۇ،
ئېيتقىن نېمە گۈناھىم بار ئالدىڭدا؟

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## بەختسىز ئادەمەن قىسمىتى تالاي

بەختسىز ئادەمەن قىسمىتى تالاي،
ھاياتتا سۆيگۈسىز قالغان يېگانە.
ۋە لېكىن يېگانە ئەمەسمەن بىلسەم،
يار ماڭا ئازاب ۋە ھەسرەت ھەمىشە.

ئۆيلىسام شۇ شېرىن كەچمىشلىرىمنى،
مېنىمۇ سۆيەركەن مەستانە قىزلار.
يۈرگەنمىش پىنھاندا يىغلىشىپ زار - زار،
ئاشىقلىق كۆڭلىنى قىلالماي ئىزھار.

ئېھتىمال شۇم ئەجەل ئېپكەتەر بىر كۈن،
دۇنيادىن ئۈچۈرۈپ ھايات ئىزىمنى.
ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىسەم ئەگەر،
بىر كىملەر يادلىشى مۇمكىن شېئىرىمنى.

1997 - يىلى، يوپۈرغا

# غېرىب كۆلبەمدە

تونۇشمايتتۇق ئىككىمىز بۇرۇن،
كۈتمىگەندە قالدۇق تونۇشۇپ.
قىسمەت بىزنى ئايرىدى بىزدىن،
قالساقمۇ گەر شۇنداق چىقىشىپ.

تويۇڭ بولدى سېنتەبىر ئېيى،
سەن بىرىنىڭ ئۆتتۇڭ ئىلكىگە.
ئاشۇ ئوماق، سەبىي چاغلىرىڭ،
كەلمەس ئەمدى مەڭگۈ ئەسلىگە.

قوشۇلمىغاچ سۆيگۈ رىزقىمىز،
خوشلاشقان بىز يىغلاپ بىئامال.
يېزىدىكى غېرىب كۆلبەمدە،
سېنى ئويلاپ سۇرىمەن خىيال.

1998 - يىلى، يوپۇرغا

## ئېسىمدە ئىككىمىز دىدارلاشقان كۈن

ئېسىمدە ئىككىمىز دىدارلاشقان كۈن،
مەن سېنى تەلمۈرۈپ كۈتكەنتىم تەنها.
يەلپۈنۈپ تۇراتتى بۇدۇر چاچلىرىڭ،
دولقۇنلۇق دەريادەك، دېڭىزدەك گويا.

ئېسىمدە تۇنجى رەت ئۇچراشقاندا بىز،
كۆڭلۈمنى رام قىلغان ئوتلۇق سالامىڭ.
قەلبىمگە بىر سۈرەت بولۇپ سىزىلغان،
ۋىناستىن سىن ئالغان گۈزەل ئوبرازىڭ.

ئېسىمدە شۇ سىم - سىم يامغۇرلۇق كېچە،
تېيىلغاق يوللاردا مۇڭداشقىنىمىز.
چىن سۆيگۈ ھەققىدە قىسسەلەر ئوقۇپ،
تۇن تاڭغا يەتكۈچە سىرداشقىنىمىز.

خوشلاشتۇق ئامالسىز ھەسرەت ئىلكىدە،
خوش دېدىڭ قولۇڭنى كۆتۈرگەن پېتى.
سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ،
قەلبىمنى ئۆرتىدى جۇدالىق ئوتى.

ئېسىمدە قان ئىچىپ بەرگەن قەسىمىڭ،
يادنامە بوپقالغان قەلبىمدە قىزچاق.
ئېسىمدە شۇ گۈزەل، يېقىملىق ئىسمىڭ،
ھاياتقا ياراشقان گۈل كەبى ئوماق.

2009 - يىلى، يوپۇرغا

# يىراق بىر جايدا

يېگانە قەلبىڭدەك يىراق بىر جايدا،
تىپىرلاپ يۈرمەكتە تەنھا بىر يۈرەك.
بىر ھەسرەت قەلبىمگە كىرمەكتە ئېقىپ،
كەچ كۈزدە تۆكۈلگەن سىم ـ سىم يامغۇردەك.

يېگانە قەلبىڭدەك يىراق بىر جايدا،
مەن ئاخشام يىغلىدىم ياش تۆكۈپ يۈم ـ يۈم.
يۈرىكىم مۇزلىدى، قالمىدى دەرمان،
بىر مەجرۇھ، مەجنۇنغا ئايلاندى تۇرقىم.

يېگانە قەلبىڭدەك يىراق بىر جايدا،
بىر مەھەل ياشىدىم بەختسىزلىكتە.
ئاخىر ھەممىسى بولدى بىر تىيىن،
قەدرىمنى چۈشەندىم قەدىرسىزلىكتە.

1998 ـ يىلى، يوپۇرغا

## مەڭگۈلۈك ئېتىقاد

ئازابتىن يېرىلغان مىسكىن قەلبىمدىن،
يامغۇردەك چېپىلداپ ئاقتى ئىسسىق قان.
سەن ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ، تىرىلدىم مىڭ رەت،
دەردىمنى چۈشەنمەي يۈردۈڭ، ئەي نادان.

ئىشقىنىڭ ئازابى قىيىندى ئەجەب،
مەن كەلدىم يەنە بىر يىغلىۋالغىلى...
مەيلى ئۇر، يا تىللا رەنجىشىم يوقتۇر،
ئالدىڭدا ئەسىرمەن مەجنۇن بولغىلى.

مەن ئۈچۈن شۇقەدەر بىپەرۋا قىز سەن،
تالاي يىل يىغلاتتىڭ ئىشقىڭدا زار ـ زار.
ئارمىنىم قالمايتتى قۇچسام ۋىسالىڭ،
قوينۇڭدا جان بەرسەم رازى بىقارار.

1998 ـ يىلى، يوپۇرغا

## قەلبىمدىكى ناتونۇش قىزغا

تۇغۇلمىدۇق بىر كۈن ئىچىدە،
تەڭ ئەمەستۇر شۇڭا يېشىمىز.
نائېنىقتۇر ئۆلۈم پەتمىز،
تەڭ پۈتۈلمەس قەبرە تېشىمىز.

بىز ئەزەلدىن دىدارلاشمىغان،
تونۇمايسەن مېنىمۇ ئەسلا.
ئىسمىڭ نېمە، ئۆرنىڭ قەيەردە؟
سادايىڭنى بىلمەيمەن ھەتتا.

چۈشلىرىمدە تونۇيمەن سېنى،
تونۇمايمەن ئەمما ئوڭۇمدا.
يەر شارىنىڭ نىرىگە بارسام،
مەۋجۇتتۇرسەن ھەردەم ئېڭىمدا.

ئەگەشمىگىن سايىدەك ئەگىپ،
ساپ قەلبىمدە قوزغاپ ئىشتىياق.
تونۇمايمەن ئوڭۇمدا لېكىن،
يۈرىكىمدە تونۇيمەن خۇشۋاق.

1998 ـ يىلى، يوپۇرغا

## قەلبىمدە

قەلبىمدە يانغان ھەممە ـ ھەممىنى،
تۆكۈشنى ئويلايمەن، تۆكەلمەيمەن ھېچ.
قەلبىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا،
چۆكۈشنى ئويلايمەن، چۆكەلمەيمەن ھېچ.

بۇلاقتەك كۆزۈڭنىڭ ئىللىق مېھرىگە،
يېتىشنى ئويلايمەن، يېتەلمەيمەن ھېچ.
جاق تويدۇم بۇ جاندىن، ئۇنسىز سۈكۈتتە،
كېتىشنى ئويلايمەن، كېتەلمەيمەن ھېچ.

ئېيتقىنا سەندە بار قانداق پاراسەت،
بەزىدە ئاچچىق سەن، بەزىدە تاتلىق.
كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى ھەسرەت ـ نادامەت،
مەن ئۈچۈن يارالدىڭ ئەجەبمۇ قاتتىق.

1999ـ يىلى، يوپۇرغا

## سېنى دەپ

سېنى دەپ مەن شېئىر يازىمەن پەقەت،
بىرنىمۇ قەلبىڭگە يەتكۈزەلمەيمەن.
دەردىمنى شېئىردىن ئالىمەن خالاس،
شېئىرسىز كۈنۈمنى ئۆتكۈزەلمەيمەن.

مەپتۇنكار سېھرىگە ئوخشايدۇ كۆزۈڭ،
مەن ئاڭا تىكىلىپ قارىيالمايمەن.
ھەر قىيا بېقىشىڭ يېقىن ئەلەمگە،
كۆزلىرىڭ تەپتىگە چىدىيالمايمەن.

ئاتەش ئوت يۇتماقتا شېئىرلىرىمنى،
ئاتەش ئوت يۇتماقتا ھەتتا جېنىمنى.
تۇرسامۇ دەھشەتلىك ئوتنىڭ ئىچىدە،
بىر ئۆمۈر سۆيىمەن تاتلىقىم سېنى.

1999 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئۇچراشمىساق بوپتىكەن ئەسلىي

ئۇچراشمىساق بوپتىكەن ئەسلىي،
ئۇچراشمىساق تونۇشماس ئىدۇق.
بىز ئىككىمىز لەيلى ـ مەجنۇندەك،
ئاشىق ـ مەشۇق بولۇشماس ئىدۇق.

ئۇچراشمىساق بوپتىكەن ئەسلىي،
ئۇچراشمىساق كۆيۈشمەس ئىدۇق.
يۈرەكلەرگە تۇتاشتۇرۇپ ئوت،
پىنھانلاردا سۆيۈشمەس ئىدۇق.

ئۇچراشمىساق بوپتىكەن ئەسلىي،
ئۇچراشتۇق بىز قالدۇق بالاغا.
ئىككەنسەنغۇ ئەجەب باغرى تاش،
نەگە باراي ئەمدى داۋاغا.

2000 ـ يىلى، يوپۇرغا

# قىشنى ئۆزىنىش

يازلىقىغا گېمانىم تولا،
بوۋلۇقىغا ئىشەنمەيمەن ھېچ.
ھاياتىمنىڭ ھەربىر كۈنىنى،
داۋالغىتىپ قويىمدىڭ تىنچ.

ئاھ، نېمانچە سوغۇق شەھەر بۇ،
كۆزلىرىڭدەك، يۈرىكىڭدەك ھەم.
دۇنيادىكى بارچە قاتتىقلىق،
بىر ساڭىلا بولغاندىمۇ جەم.

ئاستا ـ ئاستا ئۆزىماقتا قىش،
ئېرىمەكتە قارنىڭ قالدۇقى.
سەنمۇ ئېرىپ مېھرىگە چۆمسەڭ،
ھاياتىڭنىڭ كۈلەر ئۇنۇقى.

2001 ـ يىلى، يوپۇرغا

## كۆرمەپسەن راۋا

سەن سۆيگۈمنى كۆرمەپسەن راۋا،
تەبرىكلەيمەن يالغۇزلۇقىمنى.
كىم ئۆلۈپتۇ تەنها ئازابتا،
ئەسكە ئالسام ئۇنتۇلغىنىمنى.

سەن سۆيگۈمنى كۆرمەپسەن راۋا،
رەنجىمەيمەن سەندىن، ھېچكىمدىن.
رەنجىمەيمەن ئۆزۈمدىن ھەتتا،
رەنجىمەيمەن تەقدىر ـ قىسمەتتىن.

سەن سۆيگۈمنى كۆرمەپسەن راۋا،
زارلانمايمەن، ئۆكسۈمەيمەن بەس.
يۈرىكىمدە يانسىمۇ لاۋا،
ھەسرەت ماڭا ھېچنېمە ئەمەس.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

## نىمىشقا

نىمىشقا سامادىن كۆچكەندەك بۇلۇت،
سەن مېنىڭ ئارقامدىن ئەگىشىپ يۈرگەن.
نىمىشقا قەلبىمگە تۇتاشتۇرۇپ ئوت،
مەن ئۈچۈن ئەڭ شېرىن خىياللار سۈرگەن.

نىمىشقا مەن ساڭا تاشلىغاندا سۆز،
نىمىشقا سەن شۇنچە يېقىملىق كۈلگەن.
نىمىشقا يىراقتىن قىسقىنىمدا كۆز،
نىمىشقا ئاچچىقلاپ قاپاق تۈرمىگەن.

نىمىشقا سەن ئاۋۋال بولىسەن مەقبۇل،
نىمىشقا سەن مېنى سۆيگەنتىڭ باشتا.
ئاھ! مېنى قىينايدۇ تۈمەنمىڭ سوئال،
نىمىشقا، نىمىشقا، ئەجەب نىمىشقا؟

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

## سۇرىتىڭگە قاراپ

ئىنتىلدىم، يەتمىدىم ساڭا ئەي ۋىسال،
ھېسلىرىم سەن تامان كەتتىغۇ غۇلاپ.
خىيالىي تۇيغۇدا سۆيىمەن سېنى،
ئاخىرى ئالغىنىم بىر پاتمان ئازاب.

يىغا ۋە ھەسرەتنى تېڭىپ قەلبىمگە،
بىلمەيمەن نەلەرگە تاشلايسەن بىسلاپ.
بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم، كۈتكەن نىشانەم،
ئاھ! ئەمدى قولۇڭدا بولارمۇ خاراب.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

## يۇرىكىمگە تۇتاشتۇردۇم ئوت

غەمسىز ئىدىم، ھەسرەتسىز ئىدىم،
خۇشال كۈلۈپ يۈرەتتىم ھامان.
قاچانلاردا يولۇقتۇم ساڭا،
شۇندىن بۇيان كۆڭلۈم پەرىشان.

پىراقىڭدا بولدۇم سەۋدايى،
بىر مەجنۇنغا ئايلاندى تۇرقىم.
يۈرىكىمگە تۇتاشتۇردۇم ئوت،
شۇ سەۋەبتىن يىغلايمەن يۇم - يۇم.

2006 - يىلى، يوپۇرغا

# ئىلتىجا

چۈشەن دەپ يالۋۇرسام زىنھار بىلمىدىڭ،
ئىشەن دەپ ئاھ ئۇرسام پەرۋا قىلمىدىڭ.
مەن بىر خەس، سەن گويا ئالتۇن قوڭغۇراق،
ئالتۇنۇم مەن خەسنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

جىسمىمغا مىڭ پاتمان ئازابنى سېلىپ،
بىچارە قەلبىمنى قىستىڭ تىلغىدىڭ.
قان سىرغىپ ئاقماقتا قەلب يارامدىن،
كۆيگىنىم گۇناھمۇ ئەجەب قىينىدىڭ.

2006 - يىلى، يوپۇرغا

# هايات

هاياتلىق ياشاش دېمەك، كۈرەش دېمەك،
مەن ئۇنىڭغا مەشئەل بولۇپ يېقىلغايمەن.
مۈشكۈلاتنى قەھرىم بىلەن قىلىپ گۇمران،
ئاسايىشنىڭ ئالىقىنىغا يىقىلغايمەن.

كۈلپەت كەلسە پىسەنتىمگە كەلمەس قىلچە،
يېڭىش ئۈچۈن چاقماق بولۇپ چېقىلغايمەن.
ۋەتەن ئۈچۈن كەتسە هايات ئۆكۈنمەيمەن،
ئىزلىرىمدا تارىخ بولۇپ يېزىلغايمەن.

ھەقىقەتنىڭ نۇرى باغرىم گۈلىستانى،
ھەق يولىدا مىڭ ـ مىڭ بولۇپ چېچىلغايمەن.
كۆمۈلسەمۇ يەر ئاستىغا مۇردا بولۇپ،
روھىم كۈلۈپ چوغلۇق بولۇپ ئېچىلغايمەن.

2006 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار

تىلى چۈچۈك ئوماق باللار،
يۈمران، گۈدەك ئىشى چاللار،
«ئاپا» سۆزى «ئانا» ئاتلار،
ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار.

«ئاپا» دېيىش خاتا، ئازى بار،
«جان ئاپا» دەپ ناخشا نەدە بار.
ئاتىغاننىڭ دىلخەس — دەردى بار،
ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار.

«ئاپا» ئەسلى ئاچا دېگەنلىك،
چوڭنى كىچىك ياساپ بىلگەنلىك.
ئانا، بالا ئازغان، ئۆلگەنلىك،
ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار.

ئانىلاردىن تەزمەي ئانا دەپ،
قىممىتىنى ساقلاپ ھەسسىلەپ.
ئانا — يۈرەك، ئانا — بەخت دەپ،
ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار.

ئۆز ئاناڭلار ئەسلىي باغرىڭلار،
سەت ئەمەسمۇ «ئاپا» دېسەڭلار.
«ئانا» دېيىش ئۇلۇغ بىلسەڭلار،
ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار.

مەن سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي،
بوينۇڭلارغا تىلتۇمار ئاساي.
قەلبىڭلارغا بۇ سۆزنى يازاي،
ئانىلارنى «ئاپا» دېمەڭلار.

2011 - يىلى، يوپۇرغا

## ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن سىنى

بىز تونۇشقان شۇ كۈندىن بېرى،
ئۇنتالمىدىم سىنى ئاھ! سىنى.
نېمە قىلىپ قويغانسەن مېنى،
ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن سىنى.

كۆز ئالدىمدىن كەتمەس جامالىڭ،
مەڭزىڭدىكى ياراشقان خالىڭ.
بۇ دەردىمگە يوقمۇ ئامالىڭ،
ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن سىنى.

كېچىلىرى ئويلاپ ئۇيقۇ يوق،
كۈندۈزلىرى كۆيدۈرۈپ پىراق.
سەن يىراقتا ۋىسالمۇ يىراق،
ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن سىنى.

2011 - يىلى، يوپۇرغا

## يىغلىما يۈرىكىم، يىغلىما كۆزۈم

يىغلىما يۈرىكىم، يىغلىما كۆزۈم،
ئىچىڭگە يۇتۇۋەت ھەسرەتلىرىڭنى.
بۇ ئادەم ئازابسىز كېتىپتۇ دېسۇن،
قەلبىڭگە كۆمۈۋەت ھەم دەرلىرىڭنى.

يىغلىما يۈرىكىم، يىغلىما كۆزۈم،
دەرد كەلسە ئۆزۈڭ بىل گاچا بولىۋال.
بۇ ئادەم ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ دېسۇن،
پىنھاندا ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلىۋال.

يىغلىما يۈرىكىم، يىغلىما كۆزۈم،
كىشىگە ئېيتمىغىن ئۈمىدلىرىڭنى.
بۇ ئادەم ئارمانسىز كېتىپتۇ دېسۇن،
قەبرەڭگە ئېلىپ كەت سۈكۈتلىرىڭنى.

2007 ـ يىلى، يوپۇرغا

## بەخت ھەققىدە

نېچۈن بەھرە ئالالمىدىم بەختتىن،
كەم يارالغان بولغىمىدى نېسىۋەم.
چىن بەختتىن تەخت قۇراپ دېگەندە،
نە سەۋەبتىن تارمار بولدى ئەقىدەم.

قېنى مېنىڭ روزىغارىم، شادلىقىم،
ئاھ! نېمىشقا كۆلەلمەيمەن تېلىقىپ.
بىلەلمىدىم بەختسىزلىك كۆزىگە،
دائىم مەنلا يۈرەمدىمەن چېلىقىپ.

يولۇقمىدىم ھۆزۈرىغا بەختنىڭ،
نۇسرىتى پۈتكەن بىر كۈن بارمىدۇ.
قايغۇ ـ ئەلەم ئوراپ يۈردى يولۇمنى،
ماڭا مەڭگۈ بەختسىزلىك يارمىدۇ.

بەخت ـــ خۇشلۇق قايسى نۇردىن رەڭلىنەر،
بىلەلمىدىم نېسىپ كىمگە، كىملەرگە؟
بەخت ئىزدەپ ئۆتتى ھايات بۇ ئۆمۈر،
قەيەردە ئۇ، بارغۇم كەلدى شۇ يەرگە.

2007 ـ يىلى، يوپۈرغا

## ئالداۋەر

سەن مېنى ئالدىساڭ ئالداۋەر جېنىم،
ئالداشنى بىلمەيمەن، ئالدانغۇچى مەن.
ئەزەلدىن تەقدىرىم تەتۈر پۈتۈلگەن،
باشقىلار قولىدا بەزلەنگۈچى مەن.

ئالدىنىش ئازابى ھاياتقا خەنجەر،
خۇشالمەن سەن ئۈچۈن ئالدانسام جانان.
ئالدىنىپ تۈرسامۇ، لېكىن يۈرەكتە،
يېلىنجار سەن ئۈچۈن كۈلكە ۋە ئارمان.

مەيلى سەن ئالداۋەر، ئالداۋەر جېنىم،
كۆنىمەن ئالداش ھەم گوللاشلىرىڭغا.
ئالداۋەر پاك سۆيگۈم، يۈرىكىمنىمۇ،
رازىمەن بىر ئۆمۈر خورلاشلىرىڭغا.

2008 ـ يىلى، يوپۇرغا

## نەلەرگە يوقالدىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام

نەلەرگە يوقالدىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام،
نېمىشقا كەلمەيسەن پۈتۈشكەن جايغا.
تاقىتىم تاق كۈتتۈم زارىقىپ،
يا ئېقىپ كەتتىڭمۇ چاڭقىغان سايغا.

نەلەرگە يوقالدىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام،
ۋەدەڭدە تۇرمايسەن نېچۈن ئاھ! نېچۈن؟
زارلاندىم، خارلاندىم ئەجەب شۇ ئاخشام،
ئېيتقىنا نېمانچە يۈرىكىڭ پۈتۈن؟

نەلەرگە يوقالدىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام،
كەتسەڭ ئېلىپ كەت يۈرىكىمنىمۇ.
سەنسىز بۇ ھاياتنىڭ كېرىكى نېمە؟
ئېلىپ كەت ئىشقىڭدا ئۆلۈكۈمنىمۇ.

2008 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئۆلۈمنى كۈتۈش

سۈكۈتكە دۈملەندى روھىم بىر پۈتۈن،
قەلبىمدە نە ئارمان، نە ئۈمىد، سۆيگۈ.
كىرپىكىم بەرگىدە چىچەكلىدى ياش،
خىيالىم مۇڭ زاردا، كۆيىدۇ ئىزگۈ.

ياشاشتىن ئەسىر يوق روھىمدا ئەسلا،
بىر مەجرۇھ مەجنۇنغا ئايلاندى تۇرقۇم.
دىلىمدا نە سۆيۈش، نە بىر سۆيدۈرۈش،
ئۆچمەكتە ھەممىسى توزىغاندەك قۇم.

مىلەندىم زەئىپلىك توزاڭلىرىغا،
ئۈستۈمگە يۆگەلگەن قارسىمان لىباس.
بۇ مېنىڭ راستىنلا ئۆلگىنىممىدۇ؟
ياتىمەن بىر گۈلنىڭ تۈۋىدە تىمتاس.

2009 ـ يىلى، يوپۇرغا

## مەن يادىڭدا بارمۇ گۈلنىگار

مەن يادىڭدا بارمۇ گۈلنىگار،
ئەسلىدىڭمۇ ناگان ـ ناگاندا.
يا يۈرەمسەن پەرۋاسىز، غەمسىز ،
تاشلاپ مېنى ئوتقا ـ ھىجرانغا.

مەن يادىڭدا بارمۇ گۈلنىگار،
كەتكەنسەنمۇ ياكى ئۇنتۇلۇپ.
ئۇنتالمىدىم سېنى مەن زىنھار،
يا قەلبىمگە سالدىڭمۇ قۇلۇپ.

مەن يادىڭدا بارمۇ گۈلنىگار،
يۈرگەنسەنمۇ ھەسرەتكە تولۇپ.
ئۆلۈپ كەتسەم، ياش تۆكۈپ زار ـ زار،
قالارسەنمۇ سەۋدايى بولۇپ.

2009 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئۇنتالمىدىم

ئۇنتۇلۇشنى ئۆيلىدىم سېنى،
ئۇنتالمىدىم پەقەت ۋە پەقەت.
ئۇنتۇلۇشنى ئويلىغانسېرى،
يۈرىكىمنى چۇلغىدى ھەسرەت.

كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم چىڭ،
ئەپسۇس يەنە بەرمىدىڭ ئارام.
ئويلاپ باقسام ھاياتىم مېنىڭ،
قىلار ئىكەن سەن بىلەن داۋام.

ئۇ دۇنياغا تاشلىسام نەزەر،
يېنىمدا سەن، پەقەتلا سەن بار.
ئۇنتۇش ئۇچۇن ئىچسەممۇ زەھەر،
شۇ زەھەردە رۇخسار، ئوتۇڭ بار.

نەگە بارسام رۇخسار، جامالىڭ،
خىيالىمدا ئەگىيدۇ لەپ ـ لەپ.
سوغ كۆلبەمگە كەلسەڭ نە بولۇر،
ئۆتەر كۈنۈم سېنىلا ئەسلەپ.

ئېيتقىن ماڭا قىلدىڭ نېمىلەر؟
خىيال بىلەن گاراڭمەن، گاراڭ.
كۆلۈپ يۈرسەم ئوڭمىكىن دېمە،
سەن ئازدۇرغان ساراڭمەن، ساراڭ.

سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەبەدكە،
ئۆلۈم ماڭا بولۇرمۇ داۋا.
ھەممە قالسا ھەسرەتتە، داغدا،
چالا پېتى قالارمۇ دۇنيا.

2009 - يىلى، يوپۇرغا

## مەن غېرىب ـ مەجنۇنغا قىلمىغىن ئۇۋال

غەم ـ قايغۇ ئويۇمىغا كىرمەيتتى زىنھار،
شۇقەدەر غەمسىزمەن، يۈرەتتىم خۇشال.
بىلمەيمەن قايسى كۈن يولۇقتۇم ساڭا،
يولۇمدىن ئاداشتىم، ئەقلىم بولۇپ لال.

ئوڭۇمدا، چۈشۈمدە، خىيالىمدا سەن،
پۈتكۈل ئەس ـ ھوشۇمنى ئەيلىدىڭ قامال.
يۈرىكىم بىر يىپقا باغلانغان كەبى،
ئۈنسىز ياش تۆككەنچە ياتار بىماجال.

قەلبىڭدىن قەلبىمگە تۇتاشتى بىر ئوت،
تەپتىگە مۇز ئوكيان بولالمايدۇ دال.
گۈركىرەپ كۆيمەكتە ئاجىزلاپ تېنىم،
ئېھتىمال كۆيۈپلا بولىمەن قاقشال.

ئەي نىگار ئالەمدىن مېھىرگە تولغان،
مەن غېرىب ـ مەجنۇنغا قىلمىغىن ئۇۋال.
دۇنيادىن بىۋاقىت كەتمەس نىشانسىز،
ئاھ! قېنى سەن مېنى ئۆز قولۇڭغا ئال.

2009 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئېچىنما قەلبىم

ئەقىدەڭگە ئېچىنما قەلبىم،
ئۇ چۈشىنىپ قالار بىر كۈنى.
ۋىسال كۈلەر ئاشىقلارغىمۇ،
مەڭگۈ ئەمەس جۇدالىق تۈنى.

ئەقىدەڭگە ئېچىنما قەلبىم،
كۆيدۈڭ يارغا، بىلمىدى زىنھار.
غەملىرىڭگە بولۇپ تەقدىرداش،
ھەسرىتىدە يىغلىدىڭ زار - زار.

ئەقىدەڭگە ئېچىنما قەلبىم،
يارلىق بەردىم يارنىڭ ئۆزىگە.
ئەقىدىدۇر سۆيمەك، سۆيۈلمەك،
ئىشەنمىگىن دۈشمەن سۆزىگە.

ئەقىدەڭگە ئېچىنما قەلبىم،
قىلغىنىڭنى بىلىدۇ تەڭرى.
ئىنسانلارنىڭ روھىنى ياشنات،
پۈرسەت دېگەن كەڭرىغۇ - كەڭرى.

ئەقىدەڭگە ئېچىنما قەلبىم،
بۇ كۈنلەرمۇ كېتىدۇ ئۆتۈپ.
كۈلەر ھامان ھەقىقەت قىزى،
مەنزىلىڭدە تۇرىدۇ كۈتۈپ.

2009 - يىلى، يوپۇرغا

## سوغۇق قىشتا يارنى سېغىندىم

قىشنىڭ جىمجىت تۈنلىرى ئارا،
خىيال بىلەن كەلمىدى ئۇيقۇم.
جىنچىراغدەك پىلىلداپ ئاستا،
ئۆچمەكتە ئاھ! ئۈمىد يۇلتۇزۇم.

بىر ئەندىشە چۇلغاپ قەلبىمنى،
كۆيمەكتىمەن ھىجران پىچىدا.
تىرىكچىلىك ھارۋىسى سۆرەپ،
قېرىتماقتا مېنى قوينىدا.

بولالمىدى ھېچكىم ـ ھېچكىمنىڭ،
تارتىۋاتقان دەردىگە دەرمان.
ئۆلۈم ھىدى كەلسىمۇ، لېكىن،
بىخلانماقتا تەندىكى روھ ـ جان.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئۇنتۇلغان يۈرەك

ھالسىراپ ئازابتا ياتىمەن بىتاپ،
كەچ كۈزدە سارغايغان ياپراققا ئوخشاش.
قەلبىمنى چىرمىدى ئاچچىق دەرد ـ ئەلەم،
ئەجەبمۇ تەس بولدى خۇش كۈلۈپ ياشاش.

خانەمگە غېرىبلىق ھەمدەم ھەم تاۋاق،
چۈلغايدۇ روھىمنى بوغۇپ تورسىمان.
كىملەرنىڭ ئېسىگە كېلەر بۇ يۈرەك،
يېنىمدا ئاداش يوق ياكى بىر جانان.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ياشىغۇم بار ئۇنتۇلغان چۈشتەك

ئەسلىگۈم يوق كونا كەچمىشنى،
ئىنتىلگىم يوق ئۆتكەن ئۆتمۈشكە.
ياشىغۇم بار ئۇنتۇلغان چۈشتەك،
ئورنىغۇم يوق ھەركىم قەلبىگە.

كۈلگۈممۇ يوق، يىغلىغۇممۇ ھەم،
ئاھ! ھەممىسى ئازابتۇر ـ ئازاب.
بالىلىق ھەم ياشلىق، قىرانلىق،
مەندىن ئاستا كەتمەكتە ئۇزاپ.

ئۈمىدلىرىم چېچىلغان تېرىق،
ئاستا ـ ئاستا ئۆچمەكتە روھىم.
مايسىرىغان سائەت تىلىدەك،
تىترەك ئارا ھالسىرار تېنىم.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## بەخت تىلەش

ئالارسەنمۇ يادىڭغا مېنى،
ئېغىر غەمگە پاتقان دەملەردە.
تۆكەرسەنمۇ دەردۇ - ھالىڭنى،
كىرپىكىڭنى چىلاپ نەملەرگە.

ياكى ئۇنتۇپ ھەممىنى بىراق،
يۈرەرسەنمۇ ئەركىن، بەخىرامان.
تەنتەكلىكنىڭ ئەللەيلىرىدە،
خۇشلۇقۇڭغا چۆمۈلۈپ ھامان.

يوق پۇشايمان ئۇنتۇساڭمۇ يار،
سېنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرگە.
بەخت تىلەپ ئۆتىمەن ساڭا،
مەن قالسامۇ ئېغىر كۈنلەرگە.

2010 - يىلى، يوپۇرغا

## ھەممىدىن ئايرىلىش

ئاھ! مېنىڭ ھەممىدىن ئايرىلغان قەلبىم،
بىر پاتمان ئازابنى قالدى قۇچاقلاپ.
كۆمۈلدۈم بىراقلا بەختسىزلىككە،
بىلمىدىم شۇ بەخت كەتتى يىراقلاپ.

ھەممىدىن ئايرىلدىم سويغان پىيازدەك،
تۈيۈلدى ھاياتنىڭ قىسمىتى دەھشەت.
تەخىرسىز قىسماقتا يولۇمنى ھايات،
بەرگەندەك گوياكى ماڭىلا ساۋات.

ئاھ! ئەمدى ياشاشمۇ ھار كەلدى ئەجەب،
زېرىكتىم ھەممىدىن، ئۆزۈمدىنمۇ ھەم.
ياپراقسىز دەرەختەك قالغان ۋۇجۇدۇم،
بەختسىز دەملەرگە قىلىنماقتا يەم.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

## بەتخەجلىك

يولۇقتۇم ناھايەت قەھەتچىلىككە،
چىرمىدى يۈرەكنى قاتمۇقات ھەسرەت.
ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى بېشىمنىڭ،
تەقدىرىم نە بولۇر تاپمىسام نۇسرەت.

ۋەسۋەسە ئىلكىدە چاپتىم ھەممە يان،
پۇل تېپىش كويىدا بولۇپ پايپېتەك.
ئەتىگە يەتمەيدۇ بۈگۈن تاپقىنىم،
بىلمىدىم، قانداقچە ياشىشىم كېرەك.

پۇلى بار سۆيلەيدۇ كۈندە نەچچە رەت،
مەندىن پۇل ئالاي دەپ ئۆرۈپ تېلېفون.
كوچىغا، دوقمۇشقا چىقسام ناۋادا،
ئۇچرايدۇ پېشكەللىك قاتارى، نۇرغۇن.

نامراتمەن، سارغايدىم بولۇپ يوپۇرماق،
ھېچكىمدىن كۆرمەيمەن ئۇۋاللىقىمنى.
ۋە بەلكىم شۇنچىلىك تەلىيىم، رىزقىم،
بەتخەجلىك خارلىدى ھايات گۈلۈمنى.

2010 ـ يىلى، يوپۇرغا

# ئاھ! نېمىشقا ئايرىلدۇق

كەل جانانىم مېھىر تۆكەي كۆزۈڭگە،
كۈمۈش رەڭلىك قەدەھ قىلىپ تولدۇرۇپ.
ھەم يېزامغا سۈرگۈن بولۇپ كېتەرمەن،
ئۇنتارمەن دەرد، پىغاننى مۇڭلىنىپ.

ھاياتىمغا قۇلاق سالسام ئاھ بۇگۈن،
ھۇۋۇلىماقتا غەزەپ بىلەن قار ـ بوران.
تىترىمەكتە لېۋىم ھەتتا يۈرىكىم،
ئۆكسۈمەكتە ھەر تىنىقىم تۆكۈپ قان.

ۋەدىلەشكەن بىز خۇدانىڭ نامىدىن،
ئايرىلماسقا ئۆلسەك بىللە ئۆلۈشكە.
قېنى ۋەدە، ئىشقا ئاشماي ئايرىلدۇق،
ئەمدى قانداق كىرەرمىزكىن بېھىشكە.

2011 ـ يىلى، يوپۇرغا

# كەل

تونۇشماس ئىدۇق بىز، ئىككى تەن ئىدۇق،
نام، ئاتاق زاتىمىز ئىدى گۇمانلىق.
ۋە لېكىن يۈرەكلەر سىردىشىپ بۈگۈن،
بىر ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيدۇق داۋاملىق.

بۇ ھايات بىر پارچە ماي بوياق رەسىم،
خىلمۇخىل رەڭلەردە بېزەپ قويۇلغان.
بۇ دۇنيا رەسىدە بولغان ئوماق قىز،
ھاياتقا، دۇنياغا كىممۇ تويۇنغان.

قازايلى ھاياتنىڭ تەكتىنى چوڭقۇر،
كەل بىللە يازايلى نېمىنى يازساق.
ئۇنتايلى ئۆتمۇشنى، قالسۇن يىراقتا،
كۆپايە سۆيگۈنىڭ مېھرىگە قانساق.

2011 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ھېچكىمگە ئوخشىتالمىدىم

كۆن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى، يىللارمۇ ئۆتتى،
مەن سېنى قايتا بىر ئۇچرىتالمىدىم.
ئۇچراتقان بولساممۇ قىزلارنى تالاي،
بەربىر ساڭا ئوخشىتالمىدىم.

ئېيتقىنا نەدە سەن قايسى پىنھاندا،
ئېسىمدە سەن پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم.
ئۇنتۇشقا ئۇرۇنغان بولساممۇ مىڭ رەت،
تەمادا كۆڭلۈمدىن چىقىرالمىدىم.

ئۆتكۈزدۈم تالاي كۈن - تۈنلەرنى تالاي،
كەچ بولسا ياد ئېتىپ ئۇخلىيالمىدىم.
چۈشۈمدە، ئوڭۇمدا كۆردۈم گۈل چىراي،
بەربىر مەن ساڭا ئوخشىتالمىدىم.

دەردىڭدە زارلاندىم، خارلاندىم تالاي،
كۆز يېشىم دەريادەك توختىتالمىدىم.
ئوخشايسەن پەرىزات نەسلىگە پەقەت،
مەن سېنى ھېچكىمگە ئوخشىتالمىدىم.

مىڭ شەيتان ئازدۇرۇپ قۇرسىمۇ قىلتاق،
ئۆزگىنى قەلبىمگە سىغدۇرالمىدىم.
روھىمنى تامامەن ئەيلىدىڭ قامال،
سېنى مەن ھېچكىمگە ئوخشىتالمىدىم.

## مەجنۇن سىماسى

ئۇنتۇغان دۇنيانى، ھاياتنى تامام،
ھېس قىلماس ۋىسال ۋە ھىجراننى ھەتتا.
سورىماس ھېچكىمدىن مېھىر ـ مۇھەببەت،
تىلەنمەس ھەرقانچە كۆيسىمۇ ئوتتا.

تەن ـ روھى ئازابتا كەتسىمۇ خوراپ،
كۈتمەيدۇ ھېچكىمدىن رەھىم ۋە شەپقەت.
سىردىشى يوق پەقەت ئۆزىدىن بۆلەك،
بايلىقى، مادارى شۈكرى ۋە تاقەت.

2011 ـ يىلى، يوپۇرغا

# مەڭگۈلۈك ھەسرەت

دەھشەتلىك چېقىلغان، ئۆچكەن چاقماقتەك،
قەلبىمدىن ئۆچتىمۇ ئۈمىد يۇلتۇزۇم.
سېغىندىم تەلمۈرۈپ كائىنات گۇۋاھ،
ھەسرەتنىڭ پىچىدا كۆيدى ۋۇجۇدۇم.

كۆرگەنمۇ بىچارە، غېرىب كاككۇكنى،
ھېسلىرىڭ كۆچكەنمۇ ئۈنىڭ زارىغا.
سەمەندەر ئوتنى كۆرگەندە سەنمۇ،
يەتكەنمۇ مۇڭىغا، دەردۇ ـ ھالىغا.

ئادەم بوپ قالغۇچە بولسامچۇ ئوتۇن،
گۈر قىلىپ كۆيۈپلا تۈگەپ كەتكىلى.
مېنى دەپ پەرۋانە بولۇپ ئۆزگەردىم،
نېمىشقا ۋەسلىڭگە بولماس يەتكىلى.

بۇ بەلكىم ئۆزۈمگە ـ ئۆزۈم ياققان ئوت،
كۆيۈپلا تۈگەيمەن تاپماستىن ۋىسال.
بۇ بەلكىم مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھەسرەت،
پەقەتلا ئېچىنىش قىلىدۇ قامال.

2011 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئويلىرىمدا سېنى كۈتىمەن

ئويلىسام پەقەتلا سېنى ئويلايمەن،
خىيالىم قويىندىن كەتمەيسەن نېرى.
تېگى يوق ئويلارنىڭ قۇربانى،
بولمىغاچ قەلبىدە غەيرىي ناز كىرى.

ھەر قېتىم كوچىدا ئۇچراتسام سېنى،
ئارقاڭدا سايىدەك ئەگىپ قالىمەن.
كەتكەندە ناز بىلەن بىر قىيا بېقىپ،
ئىچىمدە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ سالىمەن.

ئېھتىمال نىگارىم بىلىسەن تولۇق،
دەردىڭدە قان يىغلاپ زارلانغىنىمنى.
يوق ھەتتا جاۋابىڭ كۆيۈمدىن يىراق،
بىلىسەن ساڭىلا ئالدانغىنىمنى.

سۆيىمىسەڭ ئامال يوق سۆيگۈ كۈتىمەن،
سۆيگىن دەپ ئارقاڭدىن زورلىيالمايمەن.
ئۆتسەڭمۇ ئازابلاپ مېنى تالاي يىل،
ۋە لېكىن مەن سېنى ئۇنتۇيالمايمەن.

ئولتۇرسام، قوپساممۇ سېنى ئويلايمەن،
ئېڭىمدا، ئويۇمدا كۈتۈپ تەلمۈرۈپ.
روھىمغا بىر پۈتۈن كېتىپسەن سىڭىپ،
يارايمۇ يۈرەكنى غەلىيان كۆتۈرۈپ.

## بىر شەھەردە تۇرۇپ ئىككىمىز

بىر شەھەردە تۇرۇپ ئىككىمىز،
تاتلىقلىقنا مۇڭدىشالمىدۇق.
قەلبىمىدىكى تاتلىق كۈيلەرنى،
تۆكۈپ تولۇق سىردىشالمىدۇق.

رەستىلەردە ئۇچرىساڭ ئەگەر،
پىنھان تۇتتۇڭ كۆزۈڭنى مەندىن.
قانچە قىلسام بەرمىدىڭ ئىمكان،
رەنجىمىدىم شۇندىمۇ سەندىن.

ئۆتتى ئايلار، يىللار ئاشۇنداق،
يوللىرىڭدا ئاقتىم ياش بولۇپ.
تەشنالىقتىن يانغان ئوت ـ پىراق،
يۈرىكىمگە پاتتى تاش بولۇپ.

بىر شەھەردە تۇرۇپ ئىككىمىز،
ياسىمايلى يوللاردا داۋان.
ئۇزۇلمىسۇن يۈرەك رىشتىمىز،
ئىشەن ماڭا كۆڭلىدۇ ئارمان.

2011 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ئالتۇنۇم

### 1

نە قىلاي باغرىڭ بىر تاشكەن ئالتۇنۇم،
مەجنۇنىڭ بىچارە، ياۋاشكەن ئالتۇنۇم.
سەن ئۇچۇن كۆزۈمدىن ئاققىنى تامام،
قان بىلەن دەرياچە ياشكەن ئالتۇنۇم.
سۆيگۇ دەپ پاتتىم مۇھەببەت قۇمىغا،
يولىلىرىڭ گۆرگە تۇتاشكەن ئالتۇنۇم.
يىغلىسام تەگرىمگە مىڭ رەت يېلىنىپ،
بەرگىنى شۇكرى، چىداشكەن ئالتۇنۇم.
ئويلىسام ئاشىق بولۇشنىڭ ئۆلچىمى،
سەبرە ھەم تاقەت، چىداشكەن ئالتۇنۇم.

### 2

كۇت مېنى قايتىپ كېلەرمەن ئالتۇنۇم،
كەلمىسەم نەدىن كۆرەرمەن ئالتۇنۇم.
ئۇزمىگىن مەندىن ئۇمىدنى ئالدىراپ،
بىر ئۆمۈر تاتلىق سۆيەرمەن ئالتۇنۇم.
يىغلىغىن ئەل يىغلىسا، ئەل كۇلسە كۇل،
ئاشۇدەم مەنمۇ كۇلەرمەن ئالتۇنۇم.

بۇ جېنىم، روھىم ساڭا تەقدىم ھامان،
ئۇنقا سال ئۇنسىز كۆيەرمەن ئالتۇنۇم.
ئۆلمىگەن جاندا ئۇمىد بار دەپتىكەن،
نۇر بولۇپ تۇننى قۇچارمەن ئالتۇنۇم.
قەتل قىل ۋەدەمدە مەڭگۇ تۇرمىسام،
تىك ئۆلەرمەن بولمىسا مەن ئالتۇنۇم.
ئاھ ئۇرۇپ سولاشمىغىن ياپراقسىمان،
سۆيگۇدىن مېھىر تۆكەرمەن ئالتۇنۇم.

**3**

كەتتىمۇ يانمايدىكەن جان ئالتۇنۇم،
قول سوزۇپ بولمايدىكەن جان ئالتۇنۇم.
بۇ ھاياتقا، سۆيگۇگە تەشنا يۇرەك،
قانمىدى، قانمايدىكەن جان ئالتۇنۇم.
سەن ئۇچۇپ كەتتىڭ قولۇمدىن ئاھ! ئەجەب،
ياندۇرۇپ بولمايدىكەن جان ئالتۇنۇم.
بۇ مۇھەببەت ئۇز ئەمەسكەن بەزىدە،
ئالدىدى، ئالدايدىكەن جان ئالتۇنۇم.
تۇتىشىپ قالسا تېنىڭگە ئوتلىرى،
كۆيدۇرۇپ يالمايدىكەن جان ئالتۇنۇم.

قىلمىساڭ سۆيگۇ، مۇھەببەت قەدرىنى،
ھا[illegible] تاشلايدىكەن جان ئالتۇنۇم.

## 4

نېمە قىلساڭ قىل مېنى جان ئالتۇنۇم،
تاسما ـ تاسما تىل مېنى جان ئالتۇنۇم.
كىرپىكىڭنى تىغ قىلىپ، شەمشەر قىلىپ،
قىيما ـ قىيما شىل مېنى جان ئالتۇنۇم.
رازىمەن ئاھ! ھەممىگە مىڭ رازىمەن،
يۇتسىمۇ لەھەڭ مېنى جان ئالتۇنۇم.
مەنمۇ بىر ئىنسانغۇ ـ ئىنسان ئالدىدا،
كۆزلىرىڭگە ئىل مېنى جان ئالتۇنۇم.
مەيلى سەن كەتكىن جاھاننىڭ نېرىگە،
مەن سۆيەرمەن بىل شۇنى جان ئالتۇنۇم.
بولسىلا جىسمىمدا مىسقالچە جېنىم،
كۈتىمەن مىڭ يىل سېنى جان ئالتۇنۇم.

## 5

كۆنمىدىڭ، كۆنسۈن دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم،
كۈل بولۇپ كۆيسۈن دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم.
سەن ماڭا بەرگەن ئازابنى ئاز كۆرۈپ،
كۆپ بالا كۆرسۈن دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم.
كۆچمىدىڭ قەلبىم ـ خىيالىم كۆكسىدىن،

قوغلىنىپ كۆچسۇن دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم.
كىرپىكىڭ ئوقيا بولۇپ ئاتسا مېنى،
باغرىنى ئويسۇن دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم.
تەمتىرەپ يۈرمەكتىمەن قەلبىڭ ئارا،
سۆيگۈگە تويسۇن دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم.
بىر قېتىم بەرمەي لېۋىڭدىن بال، ھەسەل،
قاغجىراپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم.
پاختىكىم بولغىن دېسەڭ پاختەك بولۇپ،
«سايىم نوچى» بول دېدىڭمۇ ئالتۇنۇم.

2012 - يىلى، يوپۇرغا

# خىيالىمدىكى مەن

خىيالىمدىكى مەن:
ئوخشامدىكىن تېخى تونۇگۇن ــ
ئىزدەپ كېلىپ سەن كۆرگەن ماڭا.
تەڭگىسىنى يىتتۇرۇپ قويغان،
چەت يېزىلىق سەبىي بالىغا.
ئوخشامدىكىن ياكى ۋېناسمۇ،
ئۇنتۇپ كەتكەن ماڭا يا ساڭا.
خىيالىمدىكى مەن:
ئوخشامدىكىن يېتىم بالىنىڭ ــ
تونۇگۇنكى غېرىب چۇشىگە،
ئوخشامدىكىن ياكى تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكى تۇكسىز چۇجىگە،
ئوخشامدىكىن كۆزۈڭدىن يىتكەن،
ناتونۇش يا تونۇش بىرىگە.
خىيالىمدىكى مەن:
ئوخشامدىكىن كىم كېلىپ چالسا ــ
ئۇنلەيدىغان قەدىرسىز داپقا.
ئوخشامدىكىن سۇكۇتلىرىڭدە ــ
شېھىت بولغان رەڭسىز ئازابقا.
ئوخشامدىكىن سەھرالىق تومپاي ــ

كۈلۈپ باققان لالە رەيھانغا.
خىيالىڭدىكى مەن:
ئوخشامدىكىن سەن قىياس قىلغان،
دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە.
ئوخشامدىكىن ياكى بوۋايىنىڭ،
تەمتىم بولغان بوۋاق پەسلىگە.
مەن يوقىلىمەن ئېھتىمال بىر كۈن،
رېئاللىقتىن، روھلار كۆزىدىن.
ئەپۇ سوراپ يېڭى دۇنيادىن،
ئەپۇ سوراپ ئۇلۇغ خەلقىمدىن،
ئەپۇ سوراپ جاھاندىن، سەندىن.

1994 ـ يىلى، يوپۇرغا

## ۋېناسقا مەكتۇپ

سالام ۋېناس،
سالامەتمۇ سەن؟
مەن بۇ يەردە سېغىندىم سېنى،
كەل!
سەھەر ۋاقتى سائەت ئالتىدە.
مەن بۇ يەردە تاماقخانىدا،
ئۇيۇقىسىنى يېتىلەپ ئاستا.
كەل!
مەن بۇ يەردە قاۋاقخانىدا،
ئولتۇرىمەن شۇقەدەر زەئىپ.
كىمنىدۇر زار كۈتۈپ بىرسىنى،
ئىشىك تامان بېقىپ دەممۇدەم.
ھەسرىتىمنى تامغىلا ئېيتىپ،
بارالمايمەن ئالدىڭغا سېنىڭ،
بارالمايمەن ئىلاھى سۈپەت،
يىغلىمايمەن، كۈلەلمەيمەن ھەم،
ھەممىسىنى قالدىم ئۇنتۇلۇپ.
ئەستىن چىققان سۇنۇق چۈش بولۇپ.
مەن بۇ يەردە سېغىندىم سېنى،
ئۇلۇغلىدىم ئىسمىڭنى يادلاپ.
كۈندە نەچچە سەجدە قىلدىم مەن،

نان يېگەندە، سۇ ئىچكەندىمۇ،
ماڭغاندىمۇ، تۇرغاندىمۇ ھەم.
ئاچچىق ھەسرەت چەككەن چاغدىمۇ.
تېۋىنغىنىم گۇناھمىدۇ ـ ھە؟
گۇناھ بولسا تېۋىنغانلىرىم،
تېۋىنمايمەن ئەمدى ھېچكىمگە،
ئۆزۈمگىمۇ، ھەتتا تەقدىرگە...
ئاھ! ۋېناس.
سەندىن ئەھۋال سورىغۇم كەلدى،
كەل ئېيتىپ بەر دەردىڭنى ماڭا،
يا ئاڭلاپ باق مېنىڭ دەردىمنى،
قېچىپ كەتتى ۋىسال دەملىرىڭ،
قېچىپ كەتتى پاكلىق، سەبىيلىك،
قېچىپ كەتتى ھەممە ھەممىسى،
قېچىپ كەتتى بۇ يەردىن تامام.
كەل!
مەن بۇ يەردە تاماقخانىدا،
ئىسمى ئۇلۇغ سۆيۈملۈك ۋېناس!
غىزالاردىن ئېپ بېرەي،
ئىچىپ باققىن ھەمدە يەپ باققىن،
تېتىپ باققىن تەمى قانداقراق،
بىلەمسەنكىن شۇ چاغدا تولۇق،
ئىلكىڭدىكى مۇشۇ ھاياتىنىڭ،
ئاچچىق ياكى تاتلىقلىقىنى.

ۋېناس!
ئىسمىڭ ئەجەب؟ ھەقىقىي ئۇلۇغ،
ئويىۋالاي تېخىمۇ ئېنىق،
دىلىمدىكى خىلۋەت بىر جايغا.
كەل!
مەن بۇ يەردە تاماقخانىدا،
غىزالاردىن ئېپ بېرەي ساڭا،
گەر قولۇمدىن كەلمىسە ھېچ ئىش،
ئېپ كېتەرمەن ۋە ياكى يۇدۇپ،
يېزامدىكى غېرىب كۆلبەمگە.
ئېيتىپ بەرگىن ئورنىڭ قەيەردە؟
ساڭا مەكتۇپ يوللىدىم ۋېناس،
قەلبىمدىكى كۆك كەپتەر بىلەن،
ئۇچۇپ بېرىپ قونسۇن قەلبىڭگە.

1994 ـ يىلى، يوپۇرغا

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：胡尔西丹·依布拉音
特约编辑：阿布来提·居马土谱热克
责任校对：古丽娜尔·肉孜
封面设计：海米旦·塞达力木
制　　版：麦热木尼沙·阿布力孜

**给维纳斯的情书**（诗歌）

阿不都克优木·吐拉丁　著

新 疆 人 民 出 版 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　4 印张
2013 年 7 月第 1 版　2013 年 7 月第 1 次印刷

ISBN 978－7－5466－1225－6（民文）　定价：18.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمدە سىيە سالىم



ۋىناستقا مەكتۇپ


ISBN 978-7-5466-1225-6

9 787546 612256 >

定价：18.00元